ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (توركىتاب 5-قىسىم)

# دىن، ئىلىم ـ پەن، ۋە زامانىۋىلىق (2 ـ بۆلۈم)








ئاپتور: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

تەھرىر، مەسئۇل مۇھەررىر، ۋە بەتلىگۈچى: پىداكار
مۇقاۋىچى: ئەركىن سىدىق



**ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق (2017. 3. 10)**

# بېغىشلىما

مەن بۇ كىتابنى مىللىتىنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، دىن ۋە دۇنيادىن ئىبارەت ساھەنىڭ ھەر ئىككىسىدە مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

ئاپتوردىن

2017-يىلى 25-ئاپرېل

# مىللەتنى ساقلاپ قېلىش ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ

## — ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى —

مەن 2014-يىلى 2-ئايدىن 2016-يىلى 5-ئايغىچە ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇقۇملارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ياكى ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۇقۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 45 پارچىدەك يازما تەييارلاپ، ئۇلارنى ۋەتەندىكى تورلاردا ئېلان قىلدىم. ئۇ يازمىلار ئاساسىي جەھەتتىن دىنىمىز ھەققىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ھەمدە ئۇيغۇرلار ھازىر دۇچ كەلگەن بىر قىسىم مۇھىم سوئاللارغا جاۋاب تېپىش يۈزىسىدىن تەييارلانغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ساھەدە ئىزدەنگەنلىكى ۋە قەلەم تەۋرەتكەنلىكى ھەققىدە مەن تور كىتابىمنىڭ ئالدىنقى قىسمى (يەنى 4-قىسمى) دا ئازراق چۈشەنچە بەردىم. مەن دىنغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان ماقالىلەرنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە 3 گۇرۇپپىغا بۆلگەن بولۇپ، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇنداق ماقالىلەرنىڭ 2-گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن دىنىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىر قىسىم دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ قالغانلىقىم ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى كىتابى (تور كىتاب 4-قىسىم) نىڭ «كىرىش سۆزى» دە يېتەرلىك دەرىجىدە توختالدىم. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئۇ مەزمۇنلارنى تەكرارلىمايمەن.

مەن ئالدىنقى كىتاب (تور كىتاب 4-قىسىم) نى تورلاردا ئېلان قىلىپ، بۇ كىتابنى تەييارلاپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر دىيارىدا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل ئازابلىرى تۈپەيلىدىن مەن بۇ كىتابنى تەييارلاشقا بۇرۇنقىدەك كۈچىيەلمىدىم. بۇ كىتابنى تەييارلاشقا بۇرۇنقىدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش بولۇپ قالدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ئۇنۇملۇك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانداق ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە قىلىشقا تېگىشلىك 1-مۇھىم ئىش «سىياسەتچى»، «دىنچى»، «پەنچى» ۋە «باشقىچى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ھەممە ۋەتەنداشلار «ئۇيغۇرلار» دېگەندىن ئىبارەت بىرلا بايراقنىڭ ئاستىغا توپلىنىشى، يەنى ھەممە ئۇيغۇرلار بىر ئۇيۇلتاشتەك قاتتىق ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغانلار باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇش، باكلاۋۇر ئۇنۋانى بارلار ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇش، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بارلار دوكتورلۇقتا ئوقۇش، مەلۇم بىر كەسىپتە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر چوقۇم ئۆزىنىڭ كەسپىي قابىلىيەت ۋە كەسپىي بىلىملىرىنى تولۇق ئىشقا

سالالايدىغان بىر ئورۇندىن خىزمەت تېپىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى» مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە يېتەرلىك مەزمۇن بايان قىلغىلى بولىدىغان ئورۇن ئەمەس بولۇپ، مەن «مەن مىللەت ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ھەر بىر ۋەتەنداشتىن «ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش» ھەققىدە قايتىدىن بىر قېتىم قاتتىق ئويلىنىپ بېقىشنى، ھەمدە دەرھال ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇنىڭدىن قالسا بالىلار ئۈچۈن مىللىي كىملىك تەربىيىسىنى مۇكەممەل ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مەن ئۆتكەن يىل ۋە بۇ يىل ئامېرىكىدىن باشقا ئون نەچچە دۆلەتكە بېرىپ، ئاشۇ دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ۋەتەنداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم. مېنى ئىنتايىن خۇشاللاندۇرغان بىر ئەھۋال شۇ بولدىكى، يېتەرلىك ساندىكى ئۇيغۇرلار توپلاشقان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنداشلار بىردىن ئۇيغۇر جامائىتى بەرپا قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەر، ئۇيغۇر مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، ۋە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئانا تىل ئۆگىتىش پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنى ئويۇچە ۋە تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلارنىڭ يۇقىرىقىدەك يول تۇتۇشى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىش. مەن 2016-يىلى «بالا تەربىيىسى ۋە كىملىك» دېگەن تېمىدا بىر پارچە يازما تەييارلاپ، ئۇنىڭدا بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

(1) ئاتا-ئانىلار ئۈلگە بولۇش

(2) بالىڭىز ئۈچۈن دىنىي تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش

(3) بالىلارنى ئۆز جامائىتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ۋە مىللىي تۈس ئالغان ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش

(4) ئۆزى ياشاۋاتقان رايوندا جامائەت بەرپا قىلىش

(5) بالىلار ئۈچۈن مىللىي كىملىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش

مەن ئۇچراشقان گوللاندىيە ئۇيغۇر مەسچىتى بىلەن كانادا تورونتو شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتىدىكى ۋەتەنداشلار يۇقىرىدىكى 5 ئىشنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. مەن چەت ئەلدىكى بارلىق ۋەتەنداشلارنى ئاشۇ ئىككى جامائەتنى ئۆرنەك قىلىشقا چاقىرىمەن.

مەن ئىسلام دىنى ھەققىدىكى بىر سىن ھۆججىتى قويۇلغان بىر تور بېتىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۇچرىتىپ قالدىم: «بىزنىڭ شۇنداق بىر زامانىمىز بار بولغان. ئۇ چاغدا بىلىم مەشئىلىنى ئەڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئىسلام زىيالىيلىرى ئىدى. دۇنيادىكى زىيالىيلىقنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان مىسالىمۇ ئىسلام زىيالىيلىرى ئىدى. ئۇ چاغدا مۇشۇ ئۈممەتنىڭ زىيالىيلىرى پەننىي بىلىملەر بىلەن دىنىي بىلىملەرنى تەڭ ئىگىلىگەن بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى لىدېرلار دىنىي بىلىم بىلەن پەننىي بىلىم ساھەسىنىڭ ھەر ئىككىسىدە مۇسۇلمان زىيالىيلارنى ئۈلگە قىلغان ئىدى.» (https://www.youtube.com/watch?v=SE2ufcIhhlk)

ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق شەيخ، ئىمام، ئەقىدەشۇناس ۋە ھەدىسشۇناس دوكتور ياسىر قازى

مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئۆمىدىمىز ھەر بىر ئىنژېنېر، ھەر بىر دوختۇر ۋە ھەر بىر ئادۋوكات بىر نورمال مۇسۇلمانلىق ھاياتنى كەچۈرۈشكە زۆرۈر بولغان ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋېلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر ئالىم، ھەر بىر فەقىھ، ۋە ھەر بىر ئۆلىما مۇشۇ دۇنيا ھەققىدە يېتەرلىك دەرىجىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئىشلار ھەققىدە كۆلكىلىك پەتىۋالارنى چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش.»

ئامېرىكىغا 1953-يىلدىن 61-يىلغىچە پرېزىدېنت بولغان Dwight Eisenhower ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئەركىن ئادەملەرنىڭ تارىخى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يېزىلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇلار ئۆزلىرى تاللىغان يول ئارقىلىق ئاشۇنداق يېزىلغان.»

«ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابنى يازغان ستېۋېن كوۋېي (Stephen Covey) ئەپەندى ئۇ كىتابتىن كېيىن «سەككىزىنچى ئادەت: ئۈنۈملۈكتىن ئۇلۇغلۇققىچە» دېگەن ماۋزۇدا يەنە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئاشۇ كىتابنىڭ 4-بابىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «يېرىم ئەسىرنىڭ مابەينىدە، مەن پۈتۈن دۇنيادا مۇشۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى نۇرغۇن ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۇچراتتىم. ئەگەر سىز مەندىن كىشىلەرگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئاساسىي ئىدىيە، بىر ئاساسىي تېما، بىر ئاساسىي نۇقتا نېمە، دەپ سورىسىڭىز، سىز مەندىن كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ياڭرايدىغان بىر ئۇلۇغ ئىدېئال نېمە، دەپ سورىسىڭىز، سىز مەندىن ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ قىممىتى بار، دەۋرگە ئەڭ مۇۋاپىق، شارائىت بىلەن ئەڭ مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر ئىدېئال نېمە، دەپ سورىسىڭىز، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي، كۆڭلۈم بىلەن قەلبىمدە چوڭقۇر قايىل بولغان ھالدا، ۋە ناھايىتى تېزلا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمەن: بىزنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىمىز بار. سىزنىڭ تاللاش قابىلىيىتىڭىز سىزنىڭ پەقەت جېنىڭىزدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ تۇغما تالانتىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قابىلىيەت بىلەن ئەركىنلىك ھازىرقى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باشقىلارنىڭ قۇربانى بولۇش تۇيغۇسى بىلەن باشقىلارغا دۆڭگەش مەدەنىيىتىگە روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۆپ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز تاللاشنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، تەبىئىي كۈچ (گېن) ياكى تەربىيىلەش (بېقىپ چوڭ قىلىش، مۇھىت) نىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس. ئەلۋەتتە، گېن بىلەن مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بەلگىلىمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر تۆپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى قايسى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارالايدۇ، ئەمما ھايۋانلار بىلەن ماشىنا ئادەملەر پەقەت ئىنكاس قايتۇرۇش تەرىقىسىدىلا ئىش ئېلىپ بارالايدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قىممەت كۆز-قارىشى ئاساسىدا ئۆز يولىنى ئۆزى تاللىيالايدۇ. سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ يۆنىلىشىنى تاللاش قابىلىيىتىڭىز ئارقىلىق باشقىدىن بىر يېڭى ئادەم بولۇپ چىقالايسىز، كەلگۈسىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز، ھەمدە باشقا ئادەملەرگە كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيسىز. سىز مۇشۇ بىر تۇغما تالانتىڭىز ئارقىلىق باشقا بارلىق تالانتلىرىڭىزدىن پايدىلىنالايسىز. سىز مۇشۇ بىر تۇغما تالانتىڭىز ئارقىلىق ئۆز ھاياتىڭىزنى بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلەيسىز.» (ئۆزۈمنىڭ «باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى).

دېمەك، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، بىزنىڭ بىرىنچىدىن جېنىمىز بار، ئىككىنچىدىن ئۆزلىرىمىزنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى بار. بىز ئاشۇنداق ئەركىنلىكىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزىمىزنى كۈچەيتىش، ۋە يېڭى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيلەش يولىدا ماڭالايمىز. ھەمدە شۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاشقا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشالايمىز.

ئالدىنقى 11 كىتاب بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ توركىتاب ھۆججىتىنىمۇ بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. مەن «پىداكار» ئىنىمىزغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنى مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، دىن ۋە دۇنيادىن ئىبارەت ساھەنىڭ ھەر ئىككىسىدە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق
ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى
2017-يىلى 25-ئاپرېل

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................................ 5

ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ ........................................ 10

ئىسلامدىكى تەقدىر ئۇقۇمى ھەققىدە ........................................ 16

ئىسلام ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايدۇ؟ ........................................ 20

ئىسلامدىكى ئەقىل بىلەن نەقىل چۈشەنچىلىرى ........................................ 35

قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت -- ئايەت ئۇل كۇرسى ھەققىدە ........................................ 49

ئىسرا-مىئراج ۋەقەسى ۋە كۆپ كائىنات پەرەزلىرى ........................................ 58

ئىسرا-مىئراج ۋەقەسىدە پەيغەمبىرىمىز كۆرگەن دوزاختىكى ئىشلار ........................................ 74

ئىسلام دىنى ھەق دىندۇر ........................................ 79

پەلەستىنلىكلەر ۋە ئەرەب دۇنياسى ........................................ 90

قۇرئان نېمە ئۈچۈن ئەرەب زېمىنىغا چۈشۈرۈلگەن؟ ........................................ 95

چۈش ۋە چۈش ئۆرۈش ھەققىدە ........................................ 106

سېھىرگەرلىكنىڭ رېئاللىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 119

چۈشكەن ئىنكاس ۋە كەلگەن خەتلەردىن تاللانمىلار ........................................ 131

# ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

**2014-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى**

مەن تورلارغا يېقىندا چىقارغان يازمىلارغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ ئىچىدە، مۇسۇلمان ئەمەس ياكى ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى پىكىر ياكى سوئاللارمۇ بار ئىكەن. مەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئىسلامدا قانداق قارىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، مەزكۇر يازمىدا ياسىر قازىنىڭ بىر قىسقا لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ لېكسىيىنىڭ تېمىسى «ئىسلامنى ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟» (What will be the fate of those who have not heard of Islam?) بولۇپ، ئۇ 2011-يىلى 9-ئايدا سۆزلەنگەن ئىكەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى. ئەگەر مەن ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

## 1. ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى

باشقا كىشىلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش بىز ئۈچۈن ئانچە پايدىلىق ئىش ئەمەس. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئويلىنىپ كېتىش بىز ئۈچۈن بىر خاتالىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىشتىكى ئومۇمىي قائىدە، بىز باشقىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئاللاھقا قويۇپ بېرىمىز. ئومۇمىي قائىدىنىڭ يەنە بىرى، بىز پەقەت ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان سوئاللارنىلا سورايمىز. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسى بار: «بۇتتقا ئىشىنىدىغانلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدە سوئال سورىغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا مېنىڭ ئۈممەتلىرىم ياخشى تۇرىدۇ.» بۇ ھەدىس بىر ئاز مۇجمەل بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئۈممەتلىرىمىز ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلار ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلمايلا تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ مېڭىۋېرىدۇ.

باشقىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى، ئاللاھ ئەڭ مېھىر-شەپقەتلىك، ئاللاھ ئەڭ ئەقىللىق، ۋە ئاللاھ ئەڭ ئادالەتلىكتۇر. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئىشىنى ئاللاھقا قويۇپ قويايلى. بۇ مەسىلە ئەقىدىگە ئائىت كىتابلاردىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، نۇرغۇنلارنىڭ نەزىرىدە بىز باشقىلاردىن بەك كۆپ ئەنسىرەپ كېتىمىز. ئەمما، ئىسلام بىزگە پەقەت ئۆزىمىزدىنلا ئەنسىرەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «ئۆزۈڭلاردىن ئەنسىرەڭلار.» ئەگەر سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلسىڭىز، سىز ناھايىتى يىراققا بارالايسىز. ئەگەر سىز باشقىلار ھەققىدە بەك كۆپ ئويلىنىپ كەتسىڭىز، سىز ھۇرۇن بولۇپ قالىسىز. ئاندىن ئۆزىڭىزنى قالتىس، ياكى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەم، دەپ ھېسابلايدىغان بولۇپ قالىسىز. بۇ بىرىنچى نۇقتا.

ئىككىنچى نۇقتا بولسا، زىيالىيلار ئۆز-ئارا ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدىغان كۆز-قاراشتا بولۇپ كەلگەن مۇنداق بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئىگە بولالايدىغان، ياكى بىر خۇدالىق دىننى بىلمەيدىغان، ئەمما ئاشۇ بىلىملەرنى ئۆزىگە قوبۇل قىلمىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىنىشىغا ئاساس مەۋجۇت بولمايدۇ.

ھەدىس بۇخارىدا بىر ھېكايە بار. ئۇنىڭدا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئان (Abdullah ibn Judan) نىڭ بىر يىراق تۇغقىنى ئائىشە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق دەپ سورايدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئان بىر ئۇلۇغ كىشى. ئۇ قوشنىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەممە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە نېمە ئىش بولىدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ.» ئائىشە «نېمىشقا؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇ بىر قېتىممۇ «رەببىغ-فىرلى، رەببىغ-فىرلى» دەپ باقمىدى.» بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە، كىشىلەر تەقۋادارلىق ياكى ھەقلىقنىڭ نامايەندىسى پەقەتلا باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق دەپ ئويلايدۇ: «ئەگەر سىز باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز، شۇلا كۇپايە، شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىسىز. ئەگەر سىز يېتىم باللارنى باقىدىغان بىر يەر ئاچسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن سىز دۇنياغا داڭلىق بولىسىز. سىزنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىز بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەگەر سىز بىر دوختۇرخانا قۇرسىڭىز، سىز ئۈچراتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە كۆلۈپلا تۇرسىڭىز، شۇلا كۇپايە بولۇپ، سىز بىر ياخشى ۋە كۆيۈمچان ئادەم بولىسىز.»

ئەمما، يۇقىرىدىكى ھەدىس ئۇنداق مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ ھەدىس دەيدۇكى، سىز يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلسىڭىز بىر ياخشى ئادەم بولىسىز. ئەمما، ئۇلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ، سىزنى ياراتقان ئاللاھقا ئىشىنىش، سىزنىڭ ياراتقۇچىڭىزغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى ئىش. ئەمما، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقتۇر. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە ئەڭ ئۇلۇغ ياخشىلىقنى قىلىپ، سىزنى ياراتقان ئاللاھنى ئېتىراپ قىلمىسىڭىز، سىزنىڭ ئىنسانىيەتكە قىلغان ياخشىلىقىڭىزنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئان ئۆز ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ «رەببىغ-فىرلى، رەببىغ-فىرلى» دەپ باقمىغان. ئۇ ئۆز ھاياتىنى دىنسىز ئۆتكۈزگەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئاددىي ئۇقۇم بار: ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھتىن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنى سورىمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈۋەتمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىگەن بولسا، ئاللاھ ئۇنداق ئادەمنى ھەرگىزمۇ مۇكاپاتلىمايدۇ. بۇ بىر ناھايىتى لوگىكىلىق ئۇقۇمدۇر.

بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە، كىشىلەر تەقۋادارلىق ياكى ھەقلىقنىڭ ئىسپاتى پەقەتلا باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، دەپ قارايدۇ. ئىسلامدا تەقۋادارلىقنىڭ مۇنداق ئىككى ئىسپاتى بار. ئۇنىڭ بىرى سىزنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىز. يەنە بىرى بولسا سىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى ئادەم بولۇشىڭىز. بۇ ئىككى نەرسە تەڭ بولۇشى كېرەك. سىز ئالدى بىلەن ئاللاھقا ئىشىنىشىڭىز، ئاندىن شۇ ئاساستا ياخشى ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزدە بىرى بار بولۇپ، يەنە بىرى يوق بولىدىكەن، سىزدە بار بىرسىنىڭمۇ ھېچ بىر قىممىتى بولمايدۇ.

بىز مۇنداق بىر ئىشنى ناھايىتى ئېنىق دەيمىز: بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى «مەن بىر مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋېلىشىنىڭ ھېچ قانداق مەنىسى يوق. بىز بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇنداق بىر ئىشقا

ئىشىنىمىز: ھېچ قانداق بىر ئىنساننىڭ «سەن جەننەتكە كىرىسەن، سەن دوزاخقا كىرىسەن» دەيدىغان ھوقۇقى بولمايدۇ. سىز بۇنداق گەپنى ھېچ قانداق ئادەمگە قارىتىپ دېيىشكىز بولمايدۇ. پەقەت ئاللاھ شۇنداق دېگەن بولسا، سىزمۇ شۇنداق دېيىشكىز بولىدۇ. مەن «ئەبۇ بەكىر جەننەتكە كىرىدۇ، ئىبلىس دوزاخقا كىرىدۇ» دېيەلەيمەن، چۈنكى ئاللاھ ماڭا شۇنداق دېگەن. بىز «ئۆمەر جەننەتكە كىرىدۇ، پىرئەۋن دوزاخقا كىرىدۇ» دەيمىز، چۈنكى ئاللاھ بىزگە شۇنداق دېگەن. باشقا ئادەملەر قانچە ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇلارنى «جەننەتكە كىرىدۇ» دېمەيمىز. بىز پەقەتلا «ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېيەلەيمىز. «ئىنشائاللاھ، ئۇلار جەننەتكە كىرگۈسى» دەيمىز. ئەمما، بىز ئۇلارنى بىر كاتېگورىيەگە تەۋە كىشىلەر قاتارىدا «ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ»، دېمەيمىز.

مۇشۇ قائىدە يەر شارىدىكى ئەڭ ناچار كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلەيدۇ. بىز باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، «پالانى-پوكۇنىلار دوزاخقا كىرىدۇ»، دېمەيمىز. چۈنكى، بىز كىمۇ؟ مەن كىمۇ؟ كىمنىڭ نەگە كىرىدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى قارار قىلىدۇ. بىز پەقەت ئومۇمىيلاشتۇرۇلغان بايانلارنىلا بېرەلەيمىز. مەسىلەن، بىز پەقەت «ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيمىز. «ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلمىغان كىشىلەر دوزاخقا كىرىدىغان بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ بىرى بولۇپ قالماسلىقتا ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيمىز.

قىسقىسى، بىزنىڭ دىنىمىز بىزدىن بىر مۇۋاپىق ئېتىقاد بولۇشنى، ھەمدە مۇۋاپىق ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان دىندۇر. ئەگەر سىزدە بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرى بار بولۇپ، يەنە بىرى بولمايدىكەن، سىز جەننەتكە كىرەلمەيسىز.

ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 2. ياسىر قازىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە پائالىيەتلىرى

مەن ئوقۇرمەنلەرگە «يېڭى دەۋردىكى دىنىي زىيالىيلار مۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ» دېگەنگە مىسال سۈپىتىدە، ياسىر قازى يېقىندا قىلغان ئىككى ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.

--ياسىر قازى ئالدىنقى ئايدا نورۋېگىيەگە بېرىپ، 18-ئاپرېل كۈنى نورۋېگىيىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر مەسچىتتە خۇتبە ئۆتەپ بەردى. شۇ جەرياندا، بىر نورۋېگىيىلىك ئۇچقۇچىلىق ئوقۇتقۇچىسى ياسىر قازىنى ئۆزىنىڭ ئايروپىلانىغا چىقىرىپ، ئاسماندا ئۇچۇرۇپ مەنزىرە كۆرسىتىش جەريانىدا، ياسىر قازىغا ئۇچقۇچىلىقتىن ئازراق دەرس بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئايروپىلانىنى 20 مىنۇتتەك ياسىر قازىنىڭ ئۆزىگە ھەيدىگىلى قويىدى. تۆۋەندىكى 1-رەسىمدىكىسى شۇ ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش. نورۋېگىيىدىكى پائالىيەتلىرىدىن كېيىن، ياسىر قازى شۋېتسىيەگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئېچىلغان «دۇنيا تىنچلىق يىغىنى» غا قاتناشتى.

--2014-يىلى 20-ماي كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە ياسىر قازى مالايسىياغا بېرىپ، 18-ئاپرېل كۈنى جۈمە كۈنلۈك خۇتبىنى بەردى. ئۇنىڭ چامدىنى ۋاقتىدا يېتىپ بارماي، ئۇ بىر قانچە كۈن مالايسىيادىن كىيىم ئېلىپ كىيىپ يۈرۈشكە مەجبۇرى بولدى. ئاشۇ سەپەر جەريانىدا ياسىر قازى «لاڭكاۋى» دېگەن شەھەردىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر دېڭىز ئارىلىغا بېرىپ، شۇ يەردە دېڭىز سۈيىنىڭ ئاستىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆردى. تۆۋەندىكى

**2-، 3- ۋە 4-رەسىملەر شۇ سەپەردىكى بىر قانچە كۆرۈنۈشلەر.**
**يۇقىرىدىكى ئۇچۇرلار ياسىر قازىنىڭ فېيسبۇك (Facebook) ىدىن ئېلىندى.**

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] What will be the fate of those who have not heard of Islam? - Yasir Qadhi | September 2011**
**https://www.youtube.com/watch?v=NDkPx3Tzy1M**



**1-رەسىم**




**2-رەسىم**



**3-رەسىم**



4-رەسىم

تورداشلارنىڭ دىققەت قىلغىنىدەك، ماڭا NASA ۋە كائىنات ھەققىدە تېما يازمىغىلى بىر قانچە ھەپتە بولۇپ قالدى. بۇنداق بولۇپ قېلىشتا پەقەت بىرلا سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزەمنىڭ كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، بۇ يېقىندىن بۇيان NASA دا ئۇيغۇر دىياردىكى ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرغىدەك بىرەر يېڭىلىقنىڭ ۋۇجۇتقا كەلمىگەنلىكىدۇر. بەزى قېرىنداشلارنى بەك ئۇزۇن ساقلىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، مەن بۇ قېتىم ئۆزەم ھەققىدىكى بىر مەزمۇننى يېزىپ يوللاپ تۇراي.

# ئىسلامدىكى تەقدىر ئۇقۇمى ھەققىدە

**2014-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى**

مەن ئالدىنقى قېتىم تەييارلىغان «ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن تېما ئاستىدا، بىر قىسىم قېرىنداشلار ئىسلامدىكى «تەقدىر» ئۇقۇمى ئۈستىدە ئازراق بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپتۇ. قېرىنداشلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، مەن مەزكۇر ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ تەقدىر ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ياسىر قازى بۇ مەزمۇنلارنى بىر يەردە لېكسىيە سۆزلەپ، لېكسىيىنىڭ ئاخىرىدا ئاڭلىغۇچىلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە سۆزلىگەن بولۇپ، سورالغان سوئاللارنىڭ ئىچىدە باشقا مەزمۇنلارمۇ بار ئىكەن. مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان سىن ھۆججىتى 2010-يىلى 23-يانۋار كۈنى تورغا قويۇلغان ئىكەن [1]. بۇ ھۆججەتتىكى مەزمۇننى ئايرىپ قوياسلىق ئۈچۈن، مەن مەزكۇر يازمىدا ياسىر قازىنىڭ باشقا سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىنىمۇ تولۇق بايان قىلىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى. ئەگەر مەن ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

## 1. شاھادەت كەلىمىسىنىڭ توغرا پېشمى قايسى؟

«لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمىنى ھەممىمىز بىلىمىز. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» نىڭ مەنىسى «بىزنىڭ ئىبادەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى بىزنىڭ مۇقەددەس مۇھەببىتىمىز، مۇقەددەس قورقۇنچىمىز، مۇقەددەس ئۈمىدىمىز، بىزنىڭ دۇئايىمىز، بىزنىڭ بەدەل تۆلىشىمىز، بىزنىڭ ئىبادىتىمىز، ۋە بىزنىڭ قەسەمىمىزنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھ ئۈچۈن، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

«مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» نىڭ مەنىسى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىبادىتىدە ئەگىشىدىغان پەقەت بىرلا ئۆرنەكىمىز بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بىز ئاللاھقا سۈننەت بويىچە، ياكى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبادەت قىلىش مېتودولوگىيىسى (ئۇسۇلى) بويىچە ئىبادەت قىلىمىز.

شۇڭا بىز مۇنداق دېيەلەيمىز: ئىسلام ئىككى پرىنسىپنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئىبادەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى ياكى تەلىماتى بويىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ قىلىش. بىز ئاللاھقا ئۆزىمىز خالىغان بويىچە ئىبادەت قىلمايمىز. ئاللاھ بىزدىن قانداق ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بىزمۇ شۇ بويىچە ئىبادەت قىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىدىكى كەلىمىنى بۇنىڭدىنمۇ تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. «مەسىھ» بىلەن «ناسارا» نىڭ قايسىسى توغرا؟

بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىسى «خرىستىئانلار» بولۇپ، قۇرئاندا «ناسارا» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. شۇڭا ئادەتتە «ناسارا» نى ئىشلەتكەن ياخشىراق.

## 3. «تەقدىر» ياكى «ئىلاھىي بۇيرۇق» نى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

قۇرئان بىلەن سۈننەت بىزدىن «تەقدىر» (qadar, predestination, fate, destiny) توغرۇلۇق بەك كۆپ ئويلىنىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىنسانىي چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ (beyond our human comprehension). «تەقدىر» ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بىز ئۇنى چۈشىنەلمەيمىز. خۇددى بىز ئاللاھنى چۈشىنەلمىگەندەك، بىز ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرەتلىرىنىمۇ چۈشىنەلمەيمىز. يەنى، تەقدىر ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرەتلىرىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. بىز ئۇ توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى بىلىمىز. ئەمما بىز ئۇ توغرۇلۇق بەك كۆپ ئويلىنىپ كەتسەك، بىز قايمۇقۇپ قالىمىز.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ساھابىلەرنىڭ تەقدىر توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ ساھابىلەرگە ئاچچىقلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ياراتقانمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانمۇ؟ بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭلار. ئۇ توغرىسىدا مۇنازىرىلەشمەڭلار.»

ئەگەر سىز تەقدىر ئۇقۇمىنى تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولسىڭىز، دىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەسىلە تۈپەيلىدىن نۇرغۇن گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. كاتولىك دىنىنىڭ ئوخشىمىغان گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تەقدىردىن كېلىپ چىققان. جۇدائىزم گۇرۇھلىرىدىكى پەرقمۇ تەقدىردىن كېلىپ چىققان. بۇ تېما ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنىڭ سىرتىدىكى، ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىشىنىڭ سىرتىدىكى بىر نەرسىدۇر. قۇرئان تەقدىر ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىمنى بىزگە دەپ بەرگەن. شۇنداقلا بىزدىن ئۇ توغرۇلۇق بەك كۆپ ئويلىنىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغان. ئاللاھ نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھەمدە شۇنى بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بىز «ئۇنداق بولمايدۇ»، دەيدىكەنمىز، بىز ئاللاھنىڭ سالاھىيىتىنى تۆۋەنلەتكەن بولىمىز. ئاللاھ بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز. ئەگەر ئۇ خالىمايدىكەن، ھېچ قانداق ئىش ئۆزلۈكىدىن يۈز بېرىپ قالمايدۇ.

ئەمما بىز ئىككى خىل خالاشلارنى پەرقلەندۈرىمىز. بىرى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆرسەتمەيدىغان خالاش، يەنە بىرى بولسا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ياكى خۇشاللىقىنى كۆرسەتمەيدىغان خالاش (A will that shows Allah’s pleasure, and a will that does not show Allah’s pleasure). مۇسۇلمانلار قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەر ئاللاھ رازىلىق كۆرسىتىدىغان خالاشقا كىرىدۇ. بىر مۇسۇلمان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندا، ئۇنى ئاللاھ خالىغان بولىدۇ، ھەمدە ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان، ئەمما ئۇ رازىلىق كۆرسەتمەيدىغان ئەمەللەرمۇ بار.

ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەركىن ئىختىيارلىق (free will) لارنى ئاتا قىلغان. ئىنسانلار ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن بىرنى ئۆزى تاللىيالايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھىدايەت

گۇمراھلىقتىن ئىنىق ئايرىلدى (سۈرە بەقەرە 256-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)» (Truth has been made clear from falsehood). يېتەكلىنىشنى ئىستەيدىغانلار يېتەكلىنىدۇ. يېتەكلىنىشنى رەت قىلىدىغانلارنىڭ يېتەكلىنىشى رەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ «تەقدىر» نىڭ ئەڭ ئاددىي شەكلىدۇر.

ئەمما، تەقدىرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى مەڭگۈ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈ چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىق بىلەن ئوخشاش. شۇڭا، بۇ بىز بەك كۆپ ئويلىنىپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس.

## 4. قەبرىمىزدە نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىزمۇ؟

قەبرىمىزدە قىيامەت كۈنى بىزگە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىنى كۆرەلەيمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەبرە ئاخىرەتكە بولغان قەدەملەرنىڭ بىرىنچى قەدىمى.» بىز قەبرىگە كىرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار، يەنى ئاللاھتىن قورقىدىغانلارنىڭ قەبرىسى ناھايىتى كەڭرى قىلىنىدۇ (يەنى ياتىدىغان جايى ناھايىتى كەڭرى بولىدۇ). بىر ئىلاھىي نۇر ئۆلگەن كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ھەمدە ئۇ كىشى قەبرىدىكى ۋاقتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىغان كىشىلەر بولسا، قەبرىدە جازاغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەلگۈسىنىڭ بېشارىتىنى كۆرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قەبرىدە جازالىنىپ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ پەقەتلا بىر بېشارەتتۇر. ئاللاھقا ھەقىقىي ئىبادەت قىلغانلار قەبرىدە جازاغا ئۇچرىمايدۇ. ئاللاھتىن قورقۇپ، ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەر ئۇنداق جازاغا ئۇچرىمايدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىغانلار بولسا قەبرىدە جازاغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بىز، قەبرىدە ئاخىرەتتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى كۆرۈلىدۇ، دەيمىز.

## 5. ئاخىرقى سۆز

ياسىر قازى 2014-يىلى 5-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ مارىلاند شتاتى بالتىمور شەھىرى (Maryland, Baltimore) دە ئۆتكۈزۈلگەن شىمالىي ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 2014-يىللىق يىغىنى (Annual Convention) غا قاتنىشىپ، ئۇ يەردە بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تونۇلغان ياش ئىسلام زىيالىيلىرىدىن يەنە بىر قانچە كىشىمۇ بۇ يىغىندا سۆز قىلدى. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىغا قىزىقسىڭىز، ئۇنى تۆۋەندىكى 2-مەنبەدىن كۆرەلەيسىز.

### پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Yasir Qadhi answering questions
https://www.youtube.com/watch?v=vGPQZLKT2Xw

[2] ICNA-MAS Annual Convention 24-26 May 2014
http://www.icnaconvention.org/




**1-رەسىم: ياسىر قازى سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتقان كۆرۈنۈش.**




**2-رەسىم: ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمان ياشلار.**

# ئىسلام ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايدۇ؟

**2014-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى**

ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن بىر بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش. بۇ ئىشنىڭ مۈشكۈللۈكى شۇنداق بىر دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ئۇنى بىر ياش توي قىلىپ، بىرەر پەرزەنتلىك بولمىغۇچە تولۇق چۈشىنىپ يېتەلىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا قىلغان بەزى ئەسكىلىكلىرى ئاتا-ئانىغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كوچىلاردا ياكى مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە دادىسى ياكى ئاپىسى بىلەن بىللە مېڭىشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالىدىغان بىر مەزگىلى بار. بۇنداق ئەھۋالنى بالىنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ «تېخىچە ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىدىن كېتەلمەي يۈرەمسەن؟» دېگەندەك باشقىلارنى زاڭلىق قىلىدىغان گەپلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق ئەھۋالغا بىزمۇ دۇچ كەلدۇق. يەنى، بىزنىڭ بالىمىزنىڭمۇ كوچىدا بىز بىلەن بىللە مېڭىشتىن نومۇس قىلغان ۋاقتى بولغان بولۇپ، ئۇنداق مەزگىل ھەر بىر بالىمىز بىلەن بىر-ئىككى يىل داۋام ئەتتى. شۇ مەزگىلدە بىز بالىلىرىمىز بىلەن بازارغا چىققاندا، بىز ئۇلاردىن 2-3 مېتىر ئالدىدا ياكى 2-3 مېتىر كەينىدە ماڭدۇق. بۇنىڭغا كۆڭلىمىز ئىنتايىن يېرىم بولدى. بەزىدە «شۇنچە جاپالار بىلەن بالىنى مۇشۇنچىلىك قىلىپ، بالىلىرىمىزنى دەپ ۋەتەندىنمۇ ئايرىلىپ، ئەمدى بىز بالىمىزنىڭ ئالدىدا چاندىغان بولۇپ قالدۇقما؟» دەپ ئويلىغان ۋاقتىمىزمۇ بولدى.

مەن يېقىنقى بىرەر يىل ۋاقىتنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر دىياردا يۈز بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئىشلارنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئىشلارنىڭ ئېچىنىشلىق دەرىجىسىنى بىز دۇچ كەلگەن ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بەزى ياشلار ئۆزلىرى «تولۇق مۇسۇلمان» بولۇپ، ئۆيىدىكى بىر قېرىندىشى «تولۇق مۇسۇلمان» ئەمەس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۈشمەن قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. مەن بۇ ئەھۋالنى ھازىر ئاشۇنداق بىر ئەھۋال ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. بەزى ياشلار ئۆزلىرى «تولۇق مۇسۇلمان»، ئەمما ئاتا-ئانىسى «مۇسۇلمان ئەمەس» بولغانلىقى، ياكى مۇسۇلمانلىقىنىڭ پەرزلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگىلى ئۇنىمايدىكەن. كەلسىمۇ ئاتا-ئانىسى ئەتكەن تاماقلارنى يېگىلى ئۇنىمايدىكەن. مەن بۇ ئىشلارنى ئاشۇنداق ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەردىن ئاڭلىدىم. بەزىلىرىنى توردىكى يازمىلاردىن بىلدىم. بەزى ياشلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، يوقاپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى شۇ يوقىغان بويىچە چەت ئەلدىكى بەزى مۇسۇلمان ئەللىرىگە كېتىپتۇ. مەن نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق ياشتىن بىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلىش ئۈچۈن چەت ئەلدىكى تونۇشلىرىمنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇچۇر توپلىشىپ بەردىم. يېقىندا ئاشۇنداق بىر ياشنىڭ چەت ئەلدىكى تۇرۇۋاتقان يېرىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بۇنداق خەۋەرلەر مېنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ. مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېزىدۇ. بىرى، مەنمۇ بىر دادا بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ئاشۇنداق ئايرىلىپ قالغان ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى

ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خېلى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. يەنە بىرى، «ئۇيغۇرلار نەگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ؟» دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭ تەقۋادار قېرىنداشلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر ھۆرمىتىم بار. بۇنداق ھۆرمىتىمنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىگە ئوڭ تاناسىپ. ئەمما كۆڭلۈمنى بەزىدە زىددىيەتلىك ئوي-پىكىرلەر قاپلىۋالىدۇ: ئاتا-ئانىسى ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن ياشلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى توغرىمۇ-خاتامۇ؟ مېنىڭ ئەڭ دەسلەپىدە ھېس قىلغىنىم، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى نورمال ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى توغرا ئەمەسكەن، دېگەننى بىلدىم.

يەنى، مەن يېقىندا ياسىر قازىنىڭ بىر مۇسۇلمان ياشنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئاتا-ئانىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى بىر 3 مىنۇتلۇق نۇتقىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ ماڭا خۇددى مەن بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك تۇيۇلدى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بۇ 3 مىنۇتلۇق نۇتۇقنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ يېزىش جەريانىدا، بەزى ئىنگلىزچە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توردىن ئىزدىدىم. شۇ جەرياندا ياسىر قازىنىڭ باشقا بىر ئىككى قېتىملىق خۇتبىدە سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ سۆز تېكىستىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئاشۇ ئىككى قېتىملىق خۇتبىدىمۇ ياسىر قازى ئىسلامنىڭ ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ ئاشۇ ئىككى نۇتقىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ياسىر قازىنىڭ بۇ نۇتقى تورغا 2008-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى قويۇلغان ئىكەن [1].

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ نۇتقىنىڭ مەزمۇنى. ئەگەر مەن ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

## 1. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھېكايىسى

بىزنىڭ تارىخ ۋە رىۋايەتلەرنى مەزمۇن قىلغان كلاسسىك كىتابلىرىمىزنىڭ بىرىدە، مۇنداق بىر رىۋايەت بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كۆپ يىللار ئۆتكەن بىر كۈنى، ياشىنىپ قالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كەبىنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ يەنە بىر ئەرنىڭ بىر مومايىنى يۈدۈپ كەبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئەرمۇ ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇپ، دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر، دۈمبەمدىكى مېنىڭ ئانام بولىدۇ. ئۇ ھەج قىلغىلى بېرىشنى ئارزۇ قىلدى. مەن پوكۈنى ئۆلكىدە ياشايمەن (ئۇ مۇسۇلمانلار زېمىنىدىكى بىر يىراق ئۆلكىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ). مەن ئانامنى يۈدۈپ كېلىشتىن باشقىغا چىقىنالمىدىم. شۇڭا مەن ئانامنى يۈدۈپ، بۇ يەرگە مېڭىپ كەلدىم. ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر، مەن ئانامنىڭ ئوغلى بولۇش بۇرچۇمنى ئادا قىلغان بولمامدىمۇ؟» ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنى ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئانىسى ئۈچۈن قىلغان مۇشۇ ئىشى تەڭ كېلەمدۇ، مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇ ئانىسىنىڭ ھەققىنى لايىقىدا قايتۇرغان بولامدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «سەن ئاناڭنىڭ ئەجرىنى زادىلا قايتۇرماپسەن.» بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: «سەن مۇشۇ ئىشىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىپ، ئۆزۈڭچە ماختىنىپ كەتتىڭمۇ؟ سەن تېخى ھېچ ئىش قىلماپسەن، سەن ئاناڭ ئۈچۈن قىلغان ئىش ئاناڭ

**سەن ئۆچۈن قىلغان ئىشلار ئالدىدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدۇ. سەن ئاناڭ سەن ئۈچۈن قىلغان ئىشلارنىڭ كۆلىمىنى ئۆزۈڭنىڭ ئاناڭ ئۈچۈن قىلغان ئىشىنىڭ كۆلىمى بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتامسەن؟» ئىبىن ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «سەن تېخى ئاناڭنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچنېمىنى قايتۇرماپسەن. ئەمما سەن ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلىپسەن، شۇڭا ئاللاھ بۇنىڭ ئۈچۈن سېنى مۇكاپاتلايدۇ.»**

**ئۇ ئادەم مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىبىن ئۆمەر، مەن پالانى يەردىن كەلدىم، شۇنچە يىراقتىن كەلدىم. سىز نېمىشقا مېنى ھېچ ئىش قىلماپسەن، دەيسىز؟ مەن شۇنچە يىراقتىن ئانامنى يۈدۈپ مېڭىپ كەلسەم، سىز مېنى يەنە ھېچ ئىش قىلماپسەن، دەمسىز؟»**

**ئىبىن ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «سەن تېخى ھېچ ئىش قىلمىدىڭ. چۈنكى، ئاناڭ سەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلغاندا، ئاناڭ سەن ئۈچۈن قىلغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقتىدىن ۋاز كەچكەن، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىدىن ۋاز كەچكەن، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىدىن ۋاز كەچكەن. ئاناڭ ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، سېنى بېقىپ، سېنى ھازىرقىدەك قاتارغا قوشتى. ئاناڭ بۇ ئىشلارنى پەقەت ئۆزىنىڭ ساڭا بولغان كۆيۈنۈشى ۋە سەندىن ئالغان خۇشاللىقى ئاساسىدا قىلغان. ئاناڭنىڭ ئىستىگىنى سېنىڭ روناق تېپىشىڭدۇر، سېنىڭ چوڭ بولۇپ، بىر مۇكەممەل ۋە ساغلام ھايات كەچۈرۈشىڭدۇر. ئاناڭ ھەممە ئىشنى سېنىڭ ھاياتىڭ ئۈچۈن قىلغان. ھازىر سەن ئەمدى بۇ ئىشنى ئاناڭنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلىسەن، ھەمدە ئاناڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىسەن. سەن بۇ ئىشنى ئاناڭغا ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن قىلىۋاتىسەن، ئاناڭنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتىسەن. سەن بۇ ئىشنى ئاناڭنىڭ روناق تېپىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن قىلىۋاتمايسەن. سەن بۇ ئىشنى ئاناڭغا قەرزدار بولۇپ قالغانلىق تۇيغۇسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتىسەن. مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ئاناڭنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرماقچى بولىۋاتىسەن، ھەمدە سەن ئاناڭنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ بىر يۈكتىن خالى بولۇشىنى ساقلاۋاتىسەن. » ئىبىن ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزلىرى بىر پسىخولوگقا خاس، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز بولۇپ، سىلەردىن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆزۈڭلارنىڭ كۈنلۈك تۇرمۇشۇڭلارغا تەتبىقلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**ئاتا-ئانا بىر بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندا، بالىسىغا ئۆزلىرىدە بار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى، يەنى، ئۆزلىرىنىڭ پۇلىنى، ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياسىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆزلىرىدىكى ھەممە نەرسىنى بەرگەندە، ئۇلار مەقسەت قىلغان نەرسە (motivation) نېمە؟ ئاتا-ئانىنىڭ ئىستەيدىغىنى پەقەتلا بالىنىڭ روناق تېپىشى ۋە ھاياتىدىن ئىبارەت! ئاتا-ئانا ئاشۇ بالىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى بېرىدۇ.**

**ئەمما بالا چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەندە، بالىدا ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن يۇقىرىقىدەك ھېسسىيات مەۋجۇت بولمايدۇ. ئاتا-ئانا بالا ئۈچۈن نامايان قىلغان چىداملىق، مېھرىبانلىق ۋە يۇمرانلىق بالىدا ئازراقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئىبىن ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «سەن بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرالمايسەن.»**

**ئىلاۋە: ياسىر قازى لېكسىيىلىرىدە ھەر قېتىم ئاللاھنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنى «ئاللاھ ئەززە ۋەجەل» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداقلا ھەر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنى «مۇھەممەد سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» دەپ ئاتايدۇ.**

## 2. ئىسلامدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ ھوقۇقى

قەدىرلىك مۇسۇلمانلار، بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىسلامدىكى ھوقۇقلىرى بىلەن سالاھىيىتىنى كۆپىلگەن خۇتبىلەردە ئاڭلىدۇق. مۇشۇ ناھايىتى مۇھىم مۇناسىۋەت ئۈستىدە سۆزلەيدىغان نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار. بىز ئۇلارنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇردۇق. ئەمما بىز ئۇلارغا ئەمەل قىلىپ باقتۇقمۇ؟ بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئورنىنى ۋە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن سالاھىيەتنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ باقتۇقمۇ؟ بۇ ئىش يالغۇز بىزنىڭ دىنىمىزدىلا شۇنداق ئەمەس، يالغۇز بىزگە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بىلەنلا شۇنداق بولغان ئەمەس. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا-ئانىغا، خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (ئەھدەڭلاردىن) يېنىۋالىسىلەر (2:83).» (قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى 2-سۈرە 83-ئايەتنىڭ تولۇق تېكىستى)

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت كىشىلىرى (most ancient civilizations) بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەھدە ئالغاندا، «ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ۋە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئەھدە ئالغان (2:83).» (بۇ مەزكۇر ئايەتنىڭ ياسىر قازى تىلغا ئالغان قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسى:

**When Allāh took a meethaaq from the children of Israeel – from the most ancient civilizations, «Worship none but Allāh, and show ihsaan to your parents»)**

بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن «meethaaq» دېگەن سۆز ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى «توختام» ياكى «پۈتۈم» دىن ئىبارەتتۇر. قارشى تۇرۇشقا ياكى خىلاپلىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغان كېلىشىمدۇر. ئۇ ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر كېلىشىمدۇر. ئۇنداقتا بۇ كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى نېمە؟ ئاللاھ قۇرئاندا ئۇنىڭ شەرتلىرىدىن خېلى كۆپىنى تىلغا ئالغان. ئەمما ھەر قېتىم ئاشۇ شەرتلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئاللاھ بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئالىدىغىنى «ئاللاھقا ئىبادەت قىل»، ئىككىنچى بولۇپ تىلغا ئالىدىغىنى «ئاتا-ئاناڭغا ياخشىلىق قىل» دىن ئىبارەت.

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن (17:23)»

**(Your Lord has decreed that you shall worship none but Him and that you have ihsaan to your parents. If either of them or both of them reach old age, don't say uf to them, and don't speak to them in a harsh manner.)**

**ئىلاۋە:** ياسىر قازى بۇ ئايەتنىڭ ھەر بىر جۈملىسىنى ئايرىم-ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىپ، ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرىدۇ. مەن بۇ ئايەتنى ئالدى بىلەن تولۇق بېرىپ، ئاندىن بىراقلا چۈشەندۈرۈش شەكلىنى قوللاندىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئايەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىشلىتىلگەن بەزى سۆزلەر بىلەن ياسىر قازى ئىشلەتكەن ئىنگلىزچە سۆزدە چوڭ پەرقلەر بار بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرگە ياسىر قازى لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئەينەن يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، مەن بۇ ئايەتنىڭ ئىنگلىزچىسىنىمۇ قوشۇپ يېزىپ قويدۇم. مەسىلەن، ئىنگلىزچە «decree» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «بۇيرۇق بېرىش» بولۇپ، ئۇيغۇرچە قۇرئاندا بۇ سۆز «تەۋسىيە قىلىش» دەپ ئېلىنغان. يەنە بىر ئىش، مەن بۇنىڭدىن كېيىن «17-سۈرە 23-ئايەت» دېگەننى قىسقارتىپ «17:23» دەپ يازىمەن. ئىنگلىزچە ماتېرىياللار كۆپىنچە ئەھۋالدا مۇشۇ شەكىلنى قوللىنىدۇ.

پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ۋە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر، ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك بۇيرۇقىدۇر. «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» مەسىلىسىدە ئاللاھ ئىشلەتكەن سۆز «ئېھسان» (Ihsaan) دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ياخشىلىق» تۇر. ئەرەب تىلىدا، «ئېھسان» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش دەرىجىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مەنىداش بولىدىغان باشقا بىر سۆز يوق. ئىنتايىن داڭلىق ئەرەب تىلى ئالىمى ئەلراغىب ئەل-ئاسفاھانى (al-Raaghib al-Asfahaani) مۇنداق دېگەن: «ئېھسان دېگەن بىر ھالەت.» ئۇ بىر ئىش-ھەرىكەت ئەمەس، ئۇ بىر قىلىق ئەمەس، ئۇ قەلبنىڭ بىر ھالىتى، ئۇ مۇناسىۋەتنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، ئاشۇنداق بىر مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىگە كىرگەندە سىز باشقىلارغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆپ نەرسە بېرىسىز، ھەمدە باشقىلاردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئاز نەرسە تەلەپ قىلىسىز. «ئېھسان» نىڭ مەنىسى ئۆزىڭىزدىكىنى باشقىلارغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. سىز باشقىلارغا جىسمانىي جەھەتتىن، دىنىي جەھەتتىن، ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىڭىز قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشلارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قىلىپ بېرىسىز. ئۇنىڭ بەدىلىگە سىز باشقىلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىسىز؟ ئەڭ ئاز نەرسىنى تەلەپ قىلىسىز، يەنى ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايسىز. «ئېھسان» دېگەن ئەنە شۇ.

سىزگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ئاتا-ئانىڭىزدىن كەلمەيدۇ. سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرالمايدۇ. سىز ئۆزىڭىز قىلالىغان ئىشلارنى قىلىسىز، ئاتا-ئانىڭىزغا ئەڭ يۇقىرى ئىمكانىيىتىڭىز بويىچە ياخشىلىق قىلىسىز، ھەمدە ئۇلاردىن ئەڭ ئاز نەرسە تاما قىلىسىز. ئەگەر «ئېھسان» دىن يۇقىرىراق تۇرىدىغان بىر سۆز بولغان بولسا، ئاللاھ ئاشۇ سۆزنى ئىشلەتكەن بولاتتى.

سىلەر ماۋۇ ئايەتنى ناھايىتى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان: «ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن (17:23).»

ئۇلارنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سىزنىڭ ھايات بولغىنىڭىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر. سىز ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشۋاتقاندا ئاتا-ئانىڭىزنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ ھايات بولۇشى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇنداق رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ «ئۇلارغا ئۇھوي دېمىگىن» دەيدۇ. «ئۇھوي» (ئۇف) ئەرەبچىدىكى ئىككى ھەرپلىك، ئەڭ قىسقا سۆز بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ ئوغىڭىز قايناپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سىزنىڭ ئوغىڭىز قايناپ كەتكەنلىكىنىڭ كىچىككىنە ئىپادىسى ياكى ئازراق ئىپادىسى مۇشۇ «ئۇھوي» دېگەن سۆز بىلەن نامايان بولىدۇ. تەپسىر ئۆلىمالىرىنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر

«ئۇھوي» دېگەندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان بىر سۆز بار بولغان بولسا، ئاللاھ ئاشۇ سۆزنى ئىشلەتكەن بولاتتى.

دېمەك، بىرىنچى ئايەت «بۇيرۇق (ئېھسان)» نى ئىشلىتىپ، ئىككىنچى ئايەت «ئۇھوي (ئۇف)» نى ئىشلەتكەن. «بۇيرۇق» نىڭ دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ، «ئۇھوي» نىڭ دەرىجىسى بولسا ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ. قېرىنداشلار، ئويلاپ بېقىڭلار: ئاللاھ «ئۇلارغا ئۇھوي دېمەڭلار» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، ئىچ پۇشۇقۇڭلار ۋە ئاچچىقىڭلارنى بىلىندۈرمەڭلار ھەم دېمەڭلار، دېگەندىن ئىبارەت.

ئەگەر ئاللاھ بىزگە «ئۇغىڭلار قايناپ كەتمىسۇن، ئاچچىقىڭلار كەلمىسۇن، ئىچىڭلار پۇشمىسۇن» دېگەن بولسا، ئۇ بىزدىن ئۆزىمىز چىداشلىق بېرەلمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلغان بولاتتى. ئىچى پۇشۇش، بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەرگە قارىتا ئىچى پۇشۇش، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى. ئاچچىقى كېلىش ۋە ئۇغىسى قايناش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى. ئاللاھ بۇنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ بىزدىن ئاچچىقىمىز كەلمەسلىك، ئىچىمىز پۇشماسلىق ۋە ئۇغىمىز قايناسلىقنى تەلەپ قىلمىغان. ئۇ بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن ئاسانلا كېلىدىغان ئىشتىن بىرىنى تەلەپ قىلغان. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇغىسى قاينىغانلىقنى دېمەسلىك، نامايان قىلماسلىق، كۆرسەتمەسلىك، ۋە سىرتقا نىسبەتەن ئاشۇنداق تەسىر بەرمەسلىكتۇر. كۆڭلىڭىزدە قانداق ھېسسىياتتا بولسىڭىز بولۇۋېرىڭ، پەقەت بىر ئەركەكتەك ئۇنى كونترول قىلىپ، «ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلىڭ.» شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاللاھ بىزنى ياراتقان، شۇڭا ئۇ باللاردىن خەۋەر ئېلىشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى، ۋە ئاتا-ئانىلاردىن خەۋەر ئېلىشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ بىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر شەرت بىلەن بىر قائىدىنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن: قانداق ھېسسىياتتا بولسىڭىز بولۇۋېرىڭ، ئەمما ئۇنى نامايان قىلماڭ، ئۇنى سىرتقا ئاشكارىلىماڭ، ئۇنى ئاتا-ئانىڭىزغا كۆرسەتمەڭ، ئۇلارغا گۈزەل ۋە سېخىي سۆزلەرنى قىلىڭ. ئۇلارغا تاتلىق سۆزلەرنى قىلىڭ.

«ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەير-ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىر نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن (17:28)» ( If they ask you for more that you can give, give them optimistic phrases.) ئاللاھ دەيدۇكى، ئەگەر ئۇلار سىزدە يوق نەرسىلەرنى سورىسا، «ئىنشائاللاھ، مەن تىرىشىپ باقاي»، «ئىنشائاللاھ، مەن شۇنداق قىلىمەن»، دەڭ، ئۇلارغا ئۈمىد بېرىڭ، ئۇلارغا مەدەت بېرىڭ. ئۇلار سىزدىن ئۆزىڭىزدە بار بولغان نەرسىلەردىن كۆپرەك نەرسە سورىغان تەقدىردىمۇ، ئۇغىڭىز قاينىمىسۇن، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، خۇددى ئۇلارنىڭ سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا سىزگە قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭ، ئۇلارغا ئۈمىد بېرىڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىققا تولدۇرۇڭ.

«ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن (17:24).» بۇ ئاللاھنىڭ ناھايىتى كۆپ مۇھىم مەنالارغا ئىگە بولغان گۈزەل سۆزلىرىدۇر: ئاتا-ئانام مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇلار مېنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئى ئاللاھ ئۇلارغا مېھرىبانلىق (mercy) قىلغىن.

## 3. ئاتا-ئانا ۋە بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت

قەدىرلىك مۇسۇلمانلار، قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىكى ئاتا-ئانىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار توغرىسىدا يەنە ئۇزۇن سۆزلىيەلەيمىز. ئەمما مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئۆزۈڭلار بۇرۇن قەدرىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن بىر تەرىپىنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇ بولسىمۇ پسىخولوگىيىلىك تەرىپى بولۇپ، مەن ئۇنى پەقەت بىر دادا بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن تونۇپ يېتەلىدىم. شۇڭلاشقا مەن بۇ مەزمۇننى ئاساسلىقى تېخى بىر دادا ياكى ئانا بولمىغان، ياكى يېڭىدىنلا دادا ياكى ئانا بولغان ياشلارغا قارىتىمەن.

مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇنداق: ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى پەقەت سىز ئۆزىڭىز پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن چۈشىنىپ يېتەلەيسىز. «بىر ئادەمگە كۆيۈش» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىز بىر دادا ياكى ئانا بولمىغۇچە ھەرگىزمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيسىز. سىزنىڭ ئوغلىڭىز ياكى قىزىڭىزغا بولغان كۆيۈمچانلىق باشقا بىر مۇناسىۋەتتە، باشقا بىر ئىنسانغا بولغان ھېسسىياتتا كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. قارشى تەرەپنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز ئۇنىڭغا سىز ئۆز پەرزەنتىڭىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن كۆيۈمچانلىقنى كۆرستەلمەيسىز. كۆپىنچىڭلار تېخى ياش بولۇپ، يەنە بىر جىنسلىق كىشىنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئىشىدا سىلەردە بىر خىل غايىۋى چۈشەنچە بار. ئەمدى سىلەر ئاشۇنداق بىر باسقۇچنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان ھەر قانداق بىر كىشىدىن سوراپ بېقىڭلار. ئاشۇ ھەقىقەتنى بىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئادەمدىن سوراپ بېقىڭلار. ئۇ مۇھەببەت بىر ئالاھىدە مۇھەببەت، شەخسىيەتچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان مۇھەببەت. نېمە ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ؟ چۈنكى سىز قارشى تەرەپكە ياخشىلىق قىلغاندا، سىز ئۇنىڭدىن بىر نەرسە قايتىپ كېلىشنى تاما قىلىسىز. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز بېرىپ-ئېلىش مۇھەببىتى. ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار، يامان تەرىپىمۇ بار. سىز ئەڭ ئازابلىق پەيتلىرىڭىز بىلەن ئەڭ تاتلىق پەيتلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەمراھى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىسىز. بۇ تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ.

ئەمما، ئانىنىڭ كۆيۈمى ۋە دادىنىڭ كۆيۈمدە شەخسىيەتچىلىك بولمايدۇ، ۋە ئۇلاردا چەك بولمايدۇ. سىز بالىڭىزنىڭ يۈزىدە بىر كۈلۈمسىرىگەن ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىڭىزدىكى ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولىسىز. سىز ئىشقا بارىسىز، ھەمدە ئۆيدىكى بالىلىرىڭىزغا يەيدىغان بىر نەرسە ئەكېلىپ بېرىش، ئۇلار ئۈچۈن بىر كىرىمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىزدە قاتتىق ئىشلەش ئىستىكى ھاسىل بولىدۇ. سىز بالىلىرىڭىزنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆزىڭىز بىر ئۆمۈر يىغقان پۇللارنى سەرپ قىلىسىز. كۆيۈنۈش دېگەن مانا شۇ! ھېچ قانداق بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسان ئۈچۈن بۇ خىلدىكى كۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا بولمايدۇ. پەقەت ئاتا-ئانىلا ئۆزىنىڭ بالىسى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مۇھەببەتنى نامايان قىلالايدۇ. ھەمدە سىز مۇشۇنداق ئەھۋال ئۈستىدە ئويلاپ كۆرگىنىڭىزدە، شۇنداقلا دادا ياكى ئاپىلىقنى ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ باققىنىڭىزدا، سىز ئاللاھدىن يارىتىلغان نەرسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز. يەنى، مەن ئاللاھ ئالدىدا قەسەم بېرىمەنكى، ئەگەر ئاتا-ئانىلاردا ئۆزىنىڭ بالىسىغا نىسبەتەن ئاشۇنداق كۆيۈنۈش مەۋجۇت بولمىغان بولسا، بۇ يەر شارىنىڭ يۈزىدە بىرەر بالىنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاللاھ سىزگە بىر بالا ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ سىزگە ئۇ بالىنى تاپشۇرۇپ، سىزگە «بۇ سېنىڭ بوۋىقىڭ، بۇ سېنىڭ بالاڭ، سەن ئۇنىڭغا مەسئۇل، سەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالمىساڭ بولمايدۇ»، دەيدۇ. شۇنىڭدىن

باشلاپ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى، ئېنېرگىيىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى، ۋە بايلىقىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ بالا ئۈچۈن سەرپ قىلىسىز، سىزنىڭ ھاياتىڭىز مۇشۇ بالىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ، ھەمدە مۇشۇ بالا تۇپەيلىدىن سىزنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سىز تۆلەيدىغان بەدەلنى سۆز بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس، سان بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە قىممەت بىلەن ئۆلچەشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

باللار ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار ئەنە شۇنداق بەدەل تۆلەيدۇ. ئەمما، ئەگەر سىز تېخى چوڭ بولۇپ، بىر باللىق بولمىغان بولسىڭىز، ئۇلارنى چۈشەنمەيسىز. سىز ئۆزىڭىزچە ئىشلارنى ئاتا-ئانىڭىزدىن ياخشىراق بىلىدىغان ھېسابلاپ، ئۆيدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ياشماقچى بولىسىز. سىز ئاپىڭىزنىڭ كۆيۈمنى چۈشەنمەيسىز، ۋە دادىڭىزنىڭ كۆيۈمنىمۇ چۈشەنمەيسىز. سىز ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىشلار بۇرۇنقىغا ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. ئاتا-ئانىڭىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، سىزگە ئۇلارنىڭ كۆيۈمنى چۈشىنىش پۇرستى ئىككىنچى كەلمەيدۇ.

ئەي مۇسۇلمانلار، مانا بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى. ئاللاھ بىزگە شاپائەت كۆرستىپ، بىزگە ئاتا-ئانىلارنى ئاتا قىلدى. ئاندىن بىر قىسمىمىزغا پەرزەنت ئاتا قىلدى. بىر قىسىم پەرزەنتلەر چوڭ بولغاندا، بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز بىز بىلەن بىللە ھايات ياشاۋاتقان بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاتا-ئاناڭلارنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى ھايات بولسا، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىڭلار (17:23).» چۈنكى بىر قىسىم پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئۇنداق ياخشى پۇرسەت مەۋجۇت بولمايدۇ.

## 4. ئاتا-ئانا جەننەتكە كىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشكى

بىر داڭلىق ساھابىنىڭ ئانىسى تۈگەپ كېتىپ، ئۇ قاتتىق يىغلايدۇ. باشقا ساھابىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ھېچقىسى يوق، ئىنشا-ئاللاھ ئۇ چوقۇم جەننەتتە بولغاي، ئاللاھ چوقۇم ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەي.» ئانىسى تۈگەپ كەتكەن ساھابە مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ئانىسى ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ ئانامنىڭ ئۆلۈمگە مەن ئەلۋەتتە ئېچىنىمەن، ئەمما مېنىڭ يىغلىشىمدىكى سەۋەب ئۇ ئەمەس. مېنىڭ جەننەتكە كىرىش ئىشكىم ئېتىلىپ قالدى. مەن شۇنىڭغا يىغلاۋاتىمەن. مەن جەننەتنىڭ ئىشكىدىن ئۆتۈپ بولدۇممۇ-يوق، بىلمەيمەن.» يەنى، ئۇ ساھابە مۇنداق دەيدۇ: ئانام مېنىڭ جەننەتكە كىرىش ئىشكىم ئىدى. مەن شۇنىڭغا يىغلاۋاتىمەن. مېنىڭ جەننەتكە كىرىش ئىشكىم ئەمدى تاقىلىپ قالدى. مەن بىر ياخشى ئوغۇل بولالىدىممۇ-يوق، بىلمەيمەن. مەن ئۆز بۇرچلىرىمنى تولۇق ئادا قىلدىممۇ-يوق، بىلمەيمەن. مەن جەننەتكە پەقەت ئانام ئارقىلىقلا كىرەلەيتتىم.

بۇ ساھابىنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىشەنچلىك ھەدىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاتا-ئانا جەننەتكە كىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشكى، ئاتا-ئانا جەننەتكە كىرىشنىڭ ئوتتۇرا ئىشكى، ئاتا-ئانا جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاساسىي ئىشكى.» بۇ بىر ئىشەنچلىك ھەدىس. ھېلىقى ساھابە بۇنى بىلگەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ بىرىنىڭ تۈگەپ كېتىشى يالغۇز كىشىلىك يوقىتىشلا ئەمەس. ئۇ يەنە دىنىي يوقىتىش ۋە ئىلاھىي يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇنداق ئىشلارنى قىلغان، ئانداق ئىشلارنى قىلغان.» ئۇ ئۆزى ئۆتكۈزگەن بىر تالاي گۇناھلارنى تىزىپ چىقىپ، ئۇلارغا

**ھازىر تۆۋە قىلىپ، ئىسلامغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ھەمدە «مەن ھازىر قانداق قىلسام بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئىبنى ئابباس ئۇ ئادەمدىن: «ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرى ھازىر ھاياتمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «ھايات، ئانام تېخى ھايات.» ھەزرىتى ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «بېرىپ ئاناڭغا چاپلاشقىن، ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزۈڭنى تاشلا، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بول، ئۆزۈڭنىڭ بارلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەر. چۈنكى سەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى يۇيالايدىغان ئىشلاردىن بۇنىڭدىن ياخشىراقىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.» بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: بىر ئۆمۈر سادىر قىلغان گۇناھ ۋە بىر ئۆمۈر باشتىن ئۆتكۈزگەن كېسەللەرنى تازىلاشتا ئاتا-ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىن ياخشىراق چارە يوق. ئاناڭنىڭ قېشىغا كەتكىن، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ پۈتۈن جىسمى ۋە كۆڭلىنى ئۇنىڭغا بەرگىن، ئۇنىڭغا خۇشاللىق ۋە بەختلىك يەتكۈزگىن. سەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئۈمىد يوق.**

**ھەدىس بۇخارىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئەرەبىستاننىڭ ئەڭ يىراق چېتىدىكى يەمەندىن سىز بىلەن بىللە بولۇش، ۋە سىزگە ئەگىشىپ جىھاد قىلىش ئۈچۈن قېشىڭىزغا كەلدىم. مەن قېشىڭىزغا كېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن ئايرىلغاندا مېنىڭ ئاتا-ئانام ئۆيدە يىغلاپ قالدى.» ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، بىر ساھابە بولىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ سالاھىيتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سورايدۇ: «سەن جەننەتكە كىرىشنى ئىستەمسەن؟» بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «سېنىڭ نىشانىڭ جەننەتكە كىرىشمۇ؟ شۇ ئارقىلىق ئاللاھنى خوش قىلماقچىمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ ئادەم «شۇنداق»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداقتا سەن دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا كەت. ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ، خۇددى سەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۇلارنى يىغلاتقانغا ئوخشاش، ئۇلارنى كۈلدۈرگىن.» بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى: «سەن جەننەتكە كىرمەكچى بولۇپ، مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭما؟ سەن ئاتا-ئاناڭنى رازى قىلماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرمەكچىمۇ؟ سېنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئاناڭنى رازى قىلىشتىن باشقا يول يوق.»**

**قېرىنداشلار، بۇ ئادەم ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ جىھاد قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ ھەققىنى بىلەمسەن؟ سەن جەننەتنى ئىستەمسەن؟ ئۇنداقتا ئاتا-ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بول، ھەمدە خۇددى سەن ئۇلارنى يىغلاتقانغا ئوخشاش ئۇلارنى كۈلدۈرگىن! » دەيدۇ.**

## 5. ئاتا-ئانىڭىز سىزگە شەرتسىز كۆيىدۇ

**مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاتا-ئانىنىڭ سالاھىيتى ھەتتا دىندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئادەتتە، ئەگەر بىر ئادەم ئىسلامنى دەپسەندە قىلسا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئەيىبلىسە، بىز ئۇنى ئۆزىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمايمىز. پەقەت بىرلا ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇنداق قىلمايمىز. ئۇ بولسىمۇ، بىز ئاتا-ئانىمىزغا نىسبەتەن ئۇنداق قىلمايمىز.**

**ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن**

**(يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. «(31:15)**

**يەنى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاتا-ئاناڭلار سىلەرنى بۇتقا ئىشىنىشكە زورلىسا، سىلەرنى بىر بۇتنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ مەجبۇرى يۈكۈندۈرسە، ھېسسىيات ۋە روھىي جەھەتتە سىلەرنى ئالدىسا، يەنى سىلەرگە قارىتا جىھاد ئېلىپ بارسا، شۇ ئارقىلىق سىلەرنى شېرىكلىك سادىر قىلىشقا قىستىسا، ئۇلارغا بويسۇنماڭلار. سىلەر «ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىلاھ يوق» دېگەن بىرىنچى پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلساڭلار بولمايدۇ. ئەمما، بۇ دۇنيادا ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا چوقۇم ياخشىلىق قىلىڭلار. ئۇلارغا مۇلايىملىق ۋە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار. سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار بۇتقا ئىشىنىدىغانلاردىن بولسىمۇ، ئۇلار مۇشرىكلاردىن بولسىمۇ، ۋە سىلەرنى ئىسلامدىن ئايرىلىشقا قىستىسىمۇ، سىلەرنىڭ ئۇلارغا قوپاللىق قىلىش ھوقۇقۇڭلار يوق.**

**قېرىنداشلار، ئۆزۈڭلارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراپ بېقىڭلار. سىلەر قاچان ئاتا-ئاناڭلارغا قوپاللىق قىلىپ باقتىڭلار؟ ئۇلار سىلەرگە قاچان كۆيۈمچانلىق كۆرسەتتى؟**

**ئۇكىلار، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار. ياخشى ئاڭلاڭلار. ئاپاڭلار ۋە داداڭلارنىڭ سىلەرگە بولغان كۆيۈنۈشىنى سىلەر ئۆزۈڭلار پەرزەنتلىك بولمىغۇچە ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيسىلەر. سىلەر ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئائىلە تۈزۈمى ۋە قائىدىلىرى تۈپەيلىدىن دېمىڭلار سىقىلغان ھېلىقى تۇيغۇنى ئىنتايىن قاتتىق سېغىنىسىلەر. ۋاقتى كەلگەندە سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ باللىرىغا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بولۇپ كېتىسىلەر.**

**ئۆزۈڭلارنى ئەخمەق قىلماڭلار. سىلەر ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا قانچىلىك كۆيىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسىلەر. سىلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ھەر بىر تۈزۈم ۋە قائىدىلەرنى ئاتا-ئاناڭلار سىلەرگە كۆيگەنلىكى ئۈچۈن تۈزگەن. ئۇلار قايسى ئىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولسا شۇ ئىشنى قىلىدۇ. سىلەرگە چىقارغان ھەر بىر تۈزۈم، ھەر بىر قائىدە، ھەر بىر تەلەپ ۋە ھەر بىر ئارزۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە پايدىلىق دەپ چىقارغان، ھەرگىزمۇ سىلەرگە قارشى ئىش قىلىش يۈزىسىدىن چىقارغان ئەمەس. سىلەر بۇنى ھازىرچە چۈشەنمەيسىلەر. بۇ ئىشلار سىلەرگە ھازىرچە پەقەت بىر قىسىم سۆزلەردەكلا تۇيۇلىدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىڭلار بار بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ قىلىپ، ئۇلار بىر ياش يىگىت ياكى ياش قىز بولۇپ يېتىلگەندە، سىلەر ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قارىغاندىمۇ بەكرەك قاتتىق بولۇپ كېتىسىلەر. نېمىشقا، چۈنكى سىلەر ئۆزۈڭلار مۇشۇ جەمئىيەتتە ياشايسىلەر. بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. سىلەر نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. شۇڭلاشقا ئاتا-ئاناڭلار سىلەرنى قوغدىغانغا قارىغاندا، سىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىڭلارنى تېخىمۇ بەك قوغدايدىغان بولۇپ كېتىسىلەر.**

**بۇنى چۈشىنىپ، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار. ئاتا-ئاناڭلار پەقەت سىلەرگە كۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا سىلەرنى ئاشۇنداق باشقۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم يەنە بىر تەرەپمۇ بار بولۇپ، سىلەر ئۇنى چوڭ بولمىغۇچە چۈشەنمەيسىلەر. ئۇ بولسىمۇ، سىلەر ئاتا-ئاناڭلارنى نېمە دەپ ئويلىساڭلار ئويلاڭلار، بۇ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىم بولسۇن، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىلىم بولسۇن، ياكى مەدەنىيەتلىشىش ھەققىدىكى بىلىم بولسۇن، ئۇلاردا سىلەردە يوق نەرسىدىن بىرى بار. ئۇ بولسىمۇ تەجرىبە-ساۋاق، ئەقىل، ياكى ياشتىكى چوڭلۇق. سىلەر ئۇلاردا بار نەرسىلەر ياكى يوق نەرسىلەر**

سەۋەبىدىن ئۇلارنى قانچىلىك تىۋەن كۆرسەتكىلى بولسا كۆرسىتىپ كەلگەن. ئۇلاردا سىلەردە يوق نەرسىدىن يۇقىرىقىدەك بىر نەرسە بار. تەجرىبە-ساۋاق بىلەن ئەقىلنى كىتابتىن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. سىلەر ئۇنى ئۆگىنىش قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنەلمەيسىلەر. ئۇلارنى پەقەت ئەمەلىي تۇرمۇشتا ياشاش ئارقىلىقلا ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئەگەر سىز بىر 17 ياشلار ئەتراپىدىكى ياش بولسىڭىز، تەجرىبە-ساۋاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئەقىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىز ھازىرچە تېخى بىلمەيسىز. سىزنىڭ ئاپىڭىز بىلەن دادىڭىز ئەمەلىي تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان، شۇڭا ئۇلار ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، گەرچە ئۇلار گەپنى ياخشى قىلالمىسىمۇ، ۋە سىلەرگە قالاقلىقتەك تۇيۇلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويسىمۇ، ئىنسان ھاياتىنىڭ مېخانىزمى جەھەتتە ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا كۆپ بىلىملىك كېلىدۇ. ئۇلار كەيپىياتنى سىلەردىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدا ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئاشۇنداق تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان، ئەمما سىلەر تېخى ئۆتكۈزۈپ باقمىغان. شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سىلەر «ئاتا-ئانامنىڭ گېپىگە نېمىشقا كىرمىگەن بولغىيتتىم؟» دەپ پۇشايمان قىلىسىلەر.

سىلەر ھازىر ياش بولغاچقا، ئاتا-ئاناڭلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە بىر ئادەتتىكى ئىشتەك مۇئامىلە قىلىسىلەر. سىلەر «ئاتا-ئانام ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ»، دەپ ئويلايسىلەر. ئۆزۈڭلارچە، سىلەر 17 ياشتا تۇرۇپ ھەممە ئىشنى بىلىپ، ئۇلار 50-60 ياشقا كىرىپمۇ ھېچ نېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايسىلەر. شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتا سىلەر «ئاتا-ئانام ھازىرمۇ ھايات بولسا، مەن ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟»، دەپ ئويلايسىلەر. شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ ۋاقىتتا سىلەر «ئاتا-ئانام ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى بىلىدىكەندۇق»، دەپ چۈشىنىپ قالىسىلەر.

سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق بىر ۋاقىتنىڭ كېلىشىنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلساڭلار بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر سۈننىتى بار، ئۇ بولسىمۇ، بالىلار چوڭ بولىدۇ، ھەمدە ئاتا-ئانىلار بالىلىرىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاتا-ئانىمىز بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىزدىن خۇشال بولۇپ ئايرىلىشى، بىزدىن رازى بولۇپ ئايرىلىشى، ۋە بىز ئۇلار ئۈچۈن قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى قىلغىنىمىزنى بىلىپ ئايرىلىشى ئۈچۈن بىز بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

چۈنكى، سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەندە، سىز تېخى ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولۇشىڭىز، سىز ئادالەتلىك كۆرسەتمىگەن بولۇشىڭىز پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىدىكەن، سىز سائەتنىڭ ئىسترېلكىسىنى ھەرگىزمۇ ئارقىغا ياندۇرالمايسىز. سىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ بۇ دۇنياغا قايتۇرۇپ ئەكىلەلمەيسىز. سىز ئۆمرىڭىزنىڭ قالغان قىسمىنى پۇشايمان يېيىش ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆتكۈزىسىز. چۈنكى، سىزنىڭ جەننەتكە كىرىش ئىشكىڭىز تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، سىز ئۇ ئىشكتىن كىرىپ بولدىڭىزمۇ-يوق، ئۇنى تېخى بىلمەيسىز.

## 6. بىز ئاتا-ئانىمىزغا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز؟

بىز ئاتا-ئانىمىزغا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز؟ بىز ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلالايمىز؟ ئەگەر سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز ھازىرمۇ ھايات بولىدىكەن، سىزگە مۇشۇنداق پۇرسەت ئاتا

قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىڭ. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، سىز ئۈچۈن پۇرسەت ۋە ئۈمىد تېخىچە بارلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇڭ. ئاللاھنىڭ شاپائىتى بىلەن، سىز بىر چوڭ ئادەم بولغاندىمۇ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ تېخىچە ھايات تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىڭ. ھەمدە ئاتا-ئانىڭىز ئۈچۈن بىر ئىنسان قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئايالى ياكى باللىرى ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئىسلام نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتا-ئانا بىرىنچى ئورۇندا، ئايالى بىلەن باللىرى بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر ئەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز، نۇرغۇن كىشىلەردىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك. ئەمما بىز خەۋەر ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىدە 1-ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئاپىمىز بىلەن دادىمىز بولىدۇ.

بىر قېتىم بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «يا رەسۇلۇللاھ، دادام مېنىڭ بۇ نەرسەمنى ئېلىۋالدى، ئۇ نەرسەمنى ئېلىۋالدى» دەپ شىكايەت قىلىدۇ. دادىسى بۇ ئادەم ئۈچۈن شۇنچە جىق ئىشلارنى قىلغان، ئۆزىنىڭ بارلىق پۇل-مېلىنى، ۋاقتىنى، ئەجرىنى ۋە تەرلىرىنى مۇشۇ بالىسى ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئادەم دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن ئانچە-مۇنچە ئېلىۋالغانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىدۇ: «دادام مېنىڭ پۇلۇمنى مەندىن سورىماي ئېلىۋالسا بولامدۇ؟» رەسۇلۇللاھ سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ «سەن ۋە سېنىڭ بايلىقىڭنىڭ ھەممىسى سېنىڭ داداڭغا مەنسۇپ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق: داداڭ سېنىڭ پۇلۇڭدىن 100 دوللار، ياكى 1000 دوللار ئېلىۋالغانغا سەن خاپا بولۇۋاتامسەن؟ داداڭ سەن ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، سەن مۇشۇنچىلىك ئىشقا خاپا بولۇۋاتامسەن؟ سەندە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ داداڭغا مەنسۇپ. داداڭ سېنىڭ نەرسەڭدىن كىچىككىنە ئېلىپ قويغانغا، بۇ يەرگە كېلىپ نارازىلىق بىلدۈرىدىغانغا سەن كىمتىڭ؟

مۇشۇ ئىشقا ئاساسەن، فىقھ (قانۇن) ئۆلىمالىرى نۇرغۇن تۈزۈملەرنى چىقاردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە «ئوغلىنىڭ ھەممە مۈلكى دادىسىغا مەنسۇپ» دېيىلىدۇ. باشقىلار بۇ تۈزۈمگە قوشۇلمىدى.

ئەگەر ئاتا-ئانىڭىز ھايات بولىدىكەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلار 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا سىز ئۇلاردىن كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە خەۋەر ئېلىڭ. روھىي جەھەتتە، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ. ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ كۆيۈمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلالىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭ. ئەگەر ئۇلار سىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بولسا، ئەلھەمدۇلىللاھ (alḥamdulillāh). ئەگەر ئۇلار باشقا دۆلەتتە بولىدىكەن، ئۇلاردىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ بار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ تۇرۇڭ. سىز قىلغان بىر تېلېفوننىڭ ئۇلارغا قانچىلىك خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قالماڭ. ئاپىڭىزغا پات-پات تېلېفون قىلىپ تۇرسىڭىز، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلايدۇ. بىر قېتىملىق پاراڭلىشىش، داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنىڭ كۈچىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىماڭ. بىز ھەممىمىز مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئىچىدىن كەلگەن بولۇپ، بىز ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىدىغان، ئاشۇ مەدەنىيەتكە تەۋە ئىشلار بار. ئاشۇ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇڭ. بۇ سىزنىڭ دىنىڭىزنىڭ بىر قىسمى، سىزنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىڭىزنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر ئاتا-ئانىڭىز ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، سىز قىلالايدىغان ئىشلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق

دېگەن: «بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە بىز ئۇ كىشى ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئىش، ئاشۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش.» ئاتا-ئانىمىزنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەندە، بىز ئۇنىڭغا دۇئا قىلىمىز. ئاللاھ قۇرئاندا بىزگە «ئۇلارغا دۇئا قىلىڭلار»، دەپ بۇيرۇغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا بار.

سىز قىلالايدىغان يەنە بىر ئىش ئۇلارنىڭ نامىدا پۇل ياكى مال سەدىقە قىلىش. سىز پۇل ئىئانە قىلىپ، ئاندىن: «ئاھ ئاللاھ، بۇنىڭ رەھمىتى ئاپام بىلەن دادامغا بولسۇن»، دەڭ. ھەجگە بېرىڭ، ھەمدە «بۇنىڭ رەھمىتى ئاپام بىلەن دادامغا بولسۇن»، دەڭ. بىر نەرسىنى قۇربانلىق قىلىڭ، ھەمدە «بۇنىڭ رەھمىتى ئاپام بىلەن دادامغا بولسۇن»، دەڭ. سىز ئۆزىڭىز قىلالىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ رەھمىتى ئۆزىڭىزگە ئەمەس، ئاتا-ئانىڭىزغا بولۇشنى تىلەڭ.

شۇنداقلا، سىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ تۇغقانلىرىنى، ھەمدە ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا ئارىلاشقان دوستلىرىنى يوقلاڭ. بۇ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىغا ئاتا-ئانىڭىزنى ئەسلىتىدۇ. شۇنداقلا سىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە قىلىشىدىغان پاراڭلار ئاساسەن ئاتا-ئانىڭىز ئۈستىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئاتا-ئانىڭىز ھەققىدىكى ياخشى ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىسىز. شۇڭلاشقا بۇمۇ بىر مەسئۇلىيەتچان ئوغۇلنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇ خۇتبىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسى بىلەن خۇلاسىلەيمەن. ئۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پەلەمپەيگە چىقىپ، ئەڭ ئۈستۈنكى پەلەمپەيگە چىققاندا، ئۇ «ئامىن»، دەيدۇ. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن: «سىز نېمىشقا ئامىن دەيسىز؟» دەپ سورىغىنىدا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «جىبرىئىل مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مۇنداق دېدى: ئەگەر بىر ئادەم قېرىغاندا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ تېخىچە ھايات بولۇپ، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تېخىچە قولغا كەلتۈرۈپ بولالمىغان بولسا، ئۇنىڭ مەڭگۈ كەچۈرۈم قىلىنماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ.» بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئەگەر بىر ئادەم ئاتا-ئانىسى بىلەن قېرىغىچە ياشاپمۇ ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدىن ئۈمىد يوق. ئەگەر سىز بىر ياخشى ئوغۇل بولالمىسىڭىز، سىزنىڭ بىر ياخشى مۇسۇلمان بولالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىش مۇشۇنچىلىكلا ئاددىي.

ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر خۇتبە لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ياسىر قازى باشقا بىر يەردە لېكسىيە سۆزلەپ، لېكسىيىنىڭ ئاخىرىدا ئاڭلىغۇچىلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە، ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە بىر ئاز توختالغان بولۇپ، مەن تۆۋەندە ئاشۇ مەزمۇننى بايان قىلىمەن. مەن ماقالىنىڭ بۇ قىسمىدا پايدىلانغان سىن ھۆججىتى 2010-يىلى 23-يانۋار كۈنى تورغا قويۇلغان ئىكەن [2].

## 7. ئاتا-ئانىنىڭ ھوقۇقى پەقەت ئاللاھتىنلا كېيىن تۇرىدۇ

قۇرئاندا ئاتا-ئانىنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىنىڭ ھوقۇقى پەقەت ئاللاھتىنلا كېيىن تۇرىدۇ. بۇنداق ھوقۇق ئاتا-ئانىمىز مۇسۇلمان بولمىغان ئەھۋالدىمۇ

ئوخشاش. بىز چوقۇم ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە بويسۇنۇشىمىز كېرەك.

## 8. ئاخىرقى سۆز

مەن ھازىرغىچە كۆرگەن، ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە توختالغان ماتېرىياللار ئىچىدە، بۇ ئىشنى ياسىر قازىدەك چوڭقۇر ئىشلىگەن بىرەر مەزمۇننى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر نۇتقىنىڭ تېكىستىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەن ئىسلامنىڭ ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ دىن ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارىسا بولىدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېسابلايدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدا يېقىنقى يىللاردا يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان بەزى ئىشلارغا قاراپ، ئۆزىمىزگە، بولۇپمۇ بىر قىسىم ياشلىرىمىزغا ئىنتايىن قاتتىق ئېچىندىم. يېقىنقى 6 ئاينىڭ مابەينىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن ئۆكسىنى ياكى ئوغلىنى ئىزدەيدىغان قېرىنداشلاردىن 3 كىشى ياردەم سوراپ مېنى ئىزدەپ بولدى. ئاڭلىشىمچە ئۇيغۇر دىيارىدا ئاتا-ئانىسىنى «ھەققىي مۇسۇلمان ئەمەس» دەپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگىلى ئۇنىمايدىغان، ئۆيىگە كەلسىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ تامىقىنى يېگىلى ئۇنىمايدىغان ياشلار بار ئىكەن. ئاق چېكىملىك ئېلىش ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنىڭ پۇلىنى ياكى مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن، ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، ئاتا-ئانىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋەتكەن ياشلار بار ئىكەن. ئاق چېكىملىك بىلەن كېسەل بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنى زار-زار قاقشاتقان، يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىگە ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، ئاتا-ئانىسىنى زار-زار قاقشاتقان ياشلار بار ئىكەن. ئاشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ياشلا تۈگەپ كېتىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىۋەتكەن ياشلار بار ئىكەن. ياشلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى زار-زار قاقشىتىپ، ئۇلارنىڭ توسۇشىغا پەرۋا قىلماي، ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، ھەر تەرەپلەرگە كېتىۋاتقان ئەھۋاللار ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىرمۇ خېلى ئېغىر ئىكەن. ئىسلام دىنىدەك بىر ئۇلۇغ دىنغا ئىگە بولغان بىر خەلقنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ ئاشۇنداق بىر دەرىجىدە يۈز بېرىشى مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ئاتا-ئانىلارغا يۇقىرىقىدەك مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ كۆرۈلۈشى مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى سۆز بىلەن قانداق ئىپادىلەشتە سەل قىينىلىۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ يەردە ئۈمىد قىلىدىغىنىم، ئاتا-ئانىسىنى نارازى قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلار مەزكۇر ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ باققان بولسا. دىنىي جەھەتتە يېتەكلەش رولىنى ئويناۋاتقان بارلىق قېرىنداشلار ۋە ئاتا-ئانىلار ياشلارغا ئىسلام دىنىغا تەۋە بولغان مەزكۇر مەزمۇننى يەتكۈزۈپ قويغان بولسا.

ئەڭ ئاخىرىدا دەپ قويۇشنى ئويلىغان بىر ئۇچۇر، ياسىر قازى 2014-يىلى 13-ئىيۇندىن 20-ئىيۇنغىچە ئەنگلىيە لوندون شەھىرىگە بېرىپ، 8 مەيدان لېكسىيە سۆزلەيدىكەن. بۇ ئىشقا قىزىقىدىغان ۋە ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ لېكسىيەلەرنىڭ كونكرېت ئورۇنلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ياسىر قازىنىڭ فېيسبۇك (Facebook) نى زىيارەت قىلىڭ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] Uncomparable Love – Transcript of Yasir Qadhi's Khutbah**
**http://muslimmatters.org/2008/09/06/uncomparable-love-transcript-of-yasir-qadhis-khutbah/**

**[2] Yasir Qadhi answering questions**
**https://www.youtube.com/watch?v=vGPQZLKT2Xw**

# ئىسلامدىكى ئەقىل بىلەن نەقىل چۈشەنچىلىرى

**2014-يىلى 6-ئاينىڭ 13-كۈنى**

ئىسلامدا تەقدىر، ئەقىل، ئويلاش، ۋە سەۋەب بىلەن ھەقنىڭ رولى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم چۈشەنچىلەر بار. بىز ئالدىنقى يازمىلىرىمىزدا تەقدىر ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بىرىپ ئۆتتۇق. مەزكۇر يازمىدا ياسىر قازىنىڭ 2014-يىلى 30-ئاپرېل كۈنى، ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دىنىي تەتقىقات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر گۇرۇپپا كىشىلەرگە سۆزلىگەن ئىلمىي دوكلاتىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ دوكلاتنىڭ تېمىسى «سەۋەب بىلەن ھەقنىڭ كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرىدىكى رولى» (The Role of Revelation & Reason in a Post-Modernist Age) بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم سائەتتىن ئاشىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي دوكلات يېرىم سائەتتىن سەل كۆپرەك بولۇپ، قالغان قىسمى سوئال-جاۋاب بىلەن ئۆتكەن ئىكەن.

بىز مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ يېرىم سائەتلىك دوكلاتنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تونۇشتۇرىمىز. ئۇنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا سۆزلەنگىنى پەقەت دىنىي تەتقىقات ساھەسىدىكىلەرگە قارىتىلغان مەزمۇن بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئانچە ماس كەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنى مەزكۇر ماقالىغا كىرگۈزمىدۇق.

قۇرئاندا «ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش» نى مەزمۇن قىلغان ئايەتلەردىن 200 دەك ئايەت بار بولۇپ، دوكتور ياسىر قازى مەزكۇر دوكلاتتا ئاشۇ ئايەتلەرنى ئوخشىمىغان كاتېگورىيەگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ مەزمۇن قۇرئاننى ئۆگەنگەن، ئۆگىنىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مۇھىم بولۇپ، بىز قېرىنداشلارغا مەزكۇر ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. شۇنداقلا دىنىي كەسىپ قىلغان، ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان قېرىنداشلارغا ئەسلىدىكى لېكسىيىنى بىر قېتىم ئاڭلاپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى. ئەگەر بىز ئۆز پىكرىمىزنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى بىز «ئىلاۋە» شەكلىدە، ياكى ئايرىم كىچىك تىپتا شەكلىدە كىرگۈزىمىز. ياسىر قازى سۆزلىگەن مەزمۇندا ئىشلىتىلگەن كىچىك تېمىلارنى بىز ئۆزىمىز قويدۇق.

ئاللاھ قۇرئاندا چۈشۈرگەن 1-ئايەتنىڭ «ئىقرا» ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىز بۇ ئايەتتىن ناھايىتى پەخىرلىنىمىز. بىز بىلىمنىڭ بىزنىڭ دىنىمىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇن ۋە چۈشەنچىلەرنى كۆپ ئاڭلىدۇق ۋە كۆپ ئۆگەندۇق. ئاللاھ ئەڭ دەسلەپىدىن باشلاپلا «ئوقۇڭلار، تەتقىق قىلىڭلار» دېگەن. بىزنىڭ دىنىي زىيالىيلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز، لېكسىيەچىلىرىمىز، ئىماملىرىمىز، ۋە خاتىپلىرىمىزنىڭ ھەممىسىمۇ «قۇرئان بىزدىن ئويلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىزدىن تەپەككۇر قىلىشنى، تەدەببۇر (tadabbur, pondering or careful examination) قىلىشنى، ۋە تەئەققۇل (ta’aqqul, correct application of the mind) قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ»، دەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز ھەقىقەتەن بىزدىن ئويلاشنى، پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، بۇ تېما

ھەققىدىكى بىر قىسىم ئىشلار دىيگەندەك ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، بىز قاچان ئۆيلايمىز؟ قەيەردە ئۆيلايمىز؟ قانداق ئۆيلايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۆيلايمىز؟ «ئۆيلىغۇلار» دىيگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ئاللاھ بىزدىن بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆيلاپ، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆيلىماسلىقنى تەلەپ قىلامدۇ؟ قۇرئاندا ئوقۇپ ئەينەن ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان مەزمۇنلارمۇ بار. ئوقۇپ ئۆيلانمىسا بولمايدىغان مەزمۇنلارمۇ بار. شۇڭا مەن مەزكۇر لېكسىيەدە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

**ئىلاۋە:** يېقىندا تورلاردا ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەن ھەققىدە بىر قانچە پارچە ياخشى ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. ئۇلاردىن ئىككىسىنى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا 2- ۋە 3-مەنبە قىلىپ قوشۇپ قويدۇق. قىزىققان تورداشلارنىڭ ئۇلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەق بىلەن سەۋەبنىڭ رولىنى (role of Relevation and reason) ياراشتۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنىڭ دىسسېرتاتسىيىلىرى يېزىلىپ بولدى (ئىنگلىزچە «Revelation» دىيگەن سۆز ئىنگلىزچە لۇغەتتە «ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى دۇنيا ھەققىدىكى ئىنسانلارغا ئىلاھ تەرىپىدىن ئاشكارىلاپ بېرىلگەن نەرسە» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. يەنى « The divine or supernatural disclosure to humans of something relating to human existence or the world »). بەزى ئىسلام زىيالىيلىرى ھەق بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش (tension) پەلسەپىنىڭ ئۆزىدىكى توقۇنۇش، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ پەلسەپىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسى. ھەممە دىنىي پەلسەپىلەر ئاساسەن سەۋەبنىڭ رولى نېمە، ۋە ھەقنىڭ ئالدىدا سەۋەب قانداق رول ئوينايدۇ، دىگەن سوئالغا جاۋاب تېپىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

بۈگۈنكى لېكسىيەدە سىلەر ئىبىن تەيمىيەنىڭ ئىدىيىسىنى مېنىڭ ئاۋازىم ئارقىلىق ئاڭلايسىلەر. يەنى مەن بۈگۈن سۆزلەيدىغان مەزمۇن ئىبىن تەيمىيەنىڭ «سەۋەب (ئەقىل) بىلەن ھەق (نەقىل) نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دىگەن 11 توملۇق قامۇسىدىن كەلگەن. مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن 8 يىل ئوقۇپ، ئۇنى ئۆتكەن يىل تاماملىدىم. مېنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىم مۇشۇ تېما ئۈستىدە ئانالىتىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئاللاھ خالىسا مەن ئۇنى پات يېقىندا ئېلان قىلىمەن.

بىز نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەيمىز؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىگە مۇشۇ تېمىنى تاللىدىم؟ بۇ مەسىلە ھەر بىر دەۋر ۋە ھەر بىر دىنىي پەلسەپىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ بىر ئاساسلىق مەسىلە. «ئەقىل» (intellect) بىلەن «نەقىل» ياكى «ھەقلىق ئىلمى» (Reveal Science) ئوتتۇرىسىدىكى توغرا مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقىش، ھازىرقى زامان ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ توقۇنۇشنى ھەل قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان «مانى» دىيسە، لوگىكا «ئانى» دەيدۇ. قۇرئان «بۇنى» دىيسە، كىشىلىك ھوقۇق «ئۇنى» دەيدۇ. قۇرئان «ماۋۇ» دىيسە، ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى «ئاۋۇ» دەيدۇ. بىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىمىز بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق بىر توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنداق توقۇنۇش ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. ھازىر بىر قىسىم ئاكىسز مۇسۇلمانلار ئىدىيىسى بىلەن باشقا نۇرغۇن ساھەلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى يېغىنچاقلاپ كەلسەك، ئۇلار «ئەقىل» بىلەن «نەقىل» ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. شۇبھىسىزكى، بۇ بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تېمىسى

بولۇپ، بۇ مەسىلە ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخ جەريانىدىمۇ ئىزچىل تۈردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇ يالغۇز ئىسلامدىلا ئەمەس، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى قاتارلىق ھەقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنلارنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

بۇ مەسىلە بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ يالغۇز ئىسلام بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەمەس. چۈنكى، ئىلىم-پەن ئەقلىنىڭ بىر قىسمى. شۇڭلاشقا ئەقىل بىلەن نەقىل ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە باشقا بارلىق بەس-مۇنازىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. «ئەقىل» دېگەن نېمە؟

«ئەقىل» دېگەن نېمە؟ ئاللاھ «ئەقىل» ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەن؟ ئاللاھ «ئەقىل» ھەققىدىكى سۆزلەرنى قەيەردە دېگەن؟ «ئەقىل» دېگەن سۆز، ۋە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان قۇرئاندىكى باشقا يانداش سۆزلەر قۇرئاندا 60 قېتىمدەك ئۇچرايدۇ. يەنى، قۇرئاندا «ئەقىل»، «تەقىلۇن» ۋە «يەقىلۇن» دېگەن سۆزلەر 60 قېتىمدەك چىقىدۇ. قۇرئاندا «ئەقىل» دېگەن سۆزدىن باشقا، ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش مەنىسىدىكى يانداش سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن، «تەپەككۇر» ۋە «تەدەببۇر». مۇشۇنداق سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قارايدىغان بولساق، قۇرئاندا ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش، ۋە ئەسلەش (reflection) قاتارلىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەن ئايەتتىن جەمئىي 200 گە يېقىن ئايەت ئۇچرايدۇ. يەنى، «ئەقىل» دېگەن سۆز بار ئايەت 60 تەك چىقىدۇ. قالغان يانداش سۆزلەرنى قوشساق بۇنداق ئايەتنىڭ سانى 200 گە يېقىن كېلىدۇ. ئەگەر بىز قۇرئاننى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى سۈرىلەرنى فاتىھە (1-سۈرە) دىن ناس (114-، ياكى ئەڭ ئاخىرقى سۈرە) غىچە خەتمۇ-خەت ئوقۇپ، «ئەقىل» ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان سۆزلەر ئىشلىتىلگەن يەرلەرگە بەلگە قويۇپ چىقسا، ئاندىن ئاللاھ قەيەرلەردە «ئەقىل» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، ئاشۇنداق ئايەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەزمۇن نېمە، ۋە ئۇ يەردىكى «ئەقىل» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى سەۋەب نېمە، دېگەن مەزمۇن ئۈستىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق، بىز «ئەقىل» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن ئايەتلەرنى بىر قانچە كاتېگورىيىلەرگە ئايرىپ چىقالايمىز. بۇ ئىشنى بەزىلەر قىلىپ باققان. ئۇنى مەنمۇ بىر قېتىم قىلىپ چىققان. ئۇنداق قىلىش بەك قىيىن ئەمەس. ئۇنىڭغا بىر ئاز ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنى نۇرغۇن ئادەملەر قىلالايدۇ. قۇرئاندا ئاران 600 ۋاراق مەزمۇن بار. شۇڭا بۇ ئىشنى قىلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس.

قىسقىسى، ئاللاھ بىزنىڭ ئويلىنىشىمىز ئۈچۈن بىر قىسىم ئالاھىدە ساھەلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم ئالاھىدە ساھەلەردە ئاللاھ بىزگە «گېپىمنى ئاڭلاپ، شۇنىڭغا ئەيىنەن ئەگەشكىن. سەن گېپىمنى ئاڭلاپ، شۇنىڭغا ئۆزۈڭنى تاپشۇر»، دېگەن. مانا بۇ ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ ماھىيىتىدۇر.

«ئەقىل» دېگەن زادى نېمە؟ بۇ مۇسۇلمان زىيالىيلىرى ۋە پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار ئېلىپ بېرىلغان بىر تېما بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئەنئەنىسى ئىچىدىلا «ئەقىل» گە بېرىلگەن ئېنىقلىمىدىن 30 غا يېقىن ئېنىقلىما بار. «ئەقىل» نىڭ ئىبنى تەيمىيە ياقتۇرىدىغان بىر ئېنىقلىمىسى بار بولۇپ، ئۇ ئېنىقلىمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئەقىل ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بىر

قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش، تۇيۇش قاتارلىق باشقا قابىلىيەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىر دائىرىسى ۋە رولى بار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاشۇ دائىرە ۋە رول ئىچىدە قوللىنىلىدىكەن، ئۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. ئەمما، ئەگەر ئۇ ئاشۇ دائىرە بىلەن رولنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلانغىلى بولمايدۇ. ئىبن تەيمىيە «ئەقىل» نى ئەرەبچە «غەرىزە» دەپ ئاتايدۇ. «غەرىزە» دېگىنىمىز بىر خىل تۇغما (instinctive) قابىلىيەتتۇر. ئۇ بىر ھېسسىي قابىلىيەت ئەمەس. بۇ بىر ماتېرىياللىق قابىلىيەت ئەمەس. ئۇ بىزگە ئورنىتىلىۋېتىلگەن (implanted in us) قابىلىيەتتۇر.

ئىبن تەيمىيەنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ ئەقلى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، نۇرغۇن دىنىي زىيالىيلار بۇ كۆز-قاراشقا قوشۇلمايدۇ. بۇرۇنقى بىر دەۋرلەردە، دىنىي زىيالىيلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمى «ھەممە ئادەمنىڭ ئەقلى ئوپمۇ-ئوخشاش بولىدۇ، ھەممە باللار ئوخشاش ئەقىل بىلەن تۇغۇلىدۇ»، دەپ قارىغان. ئەمما، ئىبن تەيمىيە ۋە باشقا بىر قىسىم زىيالىيلار «بىر ئادەمنىڭ ئەقلى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەقلى ئوخشاش بولمايدۇ. خۇددى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن كۈچلۈكرەك بولغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ ئەقلى يەنە بىر ئادەمنىڭكىدىن ياخشىراق بولىدۇ»، دەپ قارايدۇ.

بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ نۇرغۇنلىرى «ئەقىل» گە ئېنىقلىما بېرىپ باققان. ئاشۇ ئېنىقلىمىنىڭ بىرسىنى ئىبنى ئەل-جەۋزى (ئىمام مۇسلىمنىڭ مۇئەللىمى) بەرگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق: «ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسى ئاللاھتىن ھېكمەتكە ئېرىشىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى چۈشىنىدۇ. پەقەت مۇشۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىلا چۈشىنىدىغان ئادەم ئەقىل ئىگىسى بولمايدۇ.»

بۇرۇنقى ئۆلىمالار ئىچىدە ئەقىلگە تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن كىشىلەردىن كەم دېگەندە 10 كىشى بار: «ئەقىل دېگىنىمىز ئاللاھ سەندىن نېمە ئىش قىلىشنى ئىستەيدىغانلىقىنى چۈشىنىش، ھەمدە ئاشۇ ئىشلارنى قىلىش.» مانا بۇ كلاسسىك ياكى دەسلەپكى سۈننى ئەنئەنىسىنىڭ «ئەقىل» نىڭ ئاساسلىق مەقسىتى (main motive) گە بەرگەن ئېنىقلىمىسىدۇر.

يەنە بىر ئۆلىما، ھەزرىتى بۇخارىنىڭ مۇئەللىمىنىڭ مۇئەللىمى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: «ئەقىل دېگىنىمىز ياخشىنى ياماندىن ئايرىيالاش ئەمەس. ئۇ نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، شۇنى قىلىش. شۇنداقلا نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشتۇر.»

بۇ ئۆلىمالار ئۈچۈن، ئەقىل يالغۇز بىر نەزەرىيىۋى نەرسە ئەمەس. ئەقىل ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى بىر نەرسىلا ئەمەس. ئەقىل سىز ئەمەلىيەتتە ئەمەل قىلىدىغان بىر نەرسىدۇر. ئۇ سىزنىڭ كۈنلۈك تۇرمۇشىڭىزدا نامايان بولىدىغان بىر نەرسىدۇر. شۇڭا ئەقىل بىر ئادەم يادلىۋالىدىغان نەرسىلا ئەمەس. بىر ئادەم بىلىۋالغان نەرسە ئەمەس.

يەنە بىر ئۆلىما مۇنداق دەيدۇ: «ئىشەنگۈچى بىر ئويلانغۇچى، ھەمدە ئىجرا قىلغۇچىدۇر. » بۇنىڭ مەنىسى ئىمان ئېيتقان بىر ئادەم ھەم ئويلايدۇ، ھەم ئويلىغانلىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ باقىدۇ (contemplate). يەنى، ئىمان سىزنى ئويلاشقا، ۋە ئويلىغىنىڭىزنى ئىجرا قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئەقىلگە باشقا ئۆلىمالار مۇنداق ئېنىقلىمىمۇ بەرگەن: «ئەقىل بىر ئادەمنىڭ بىپەرۋالىقىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ۋە ھەۋەسكە چەك قويۇش بىلىمىدىن ئىبارەت.» يەنى، ئەقىل دېگىنىمىز سىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىڭىزنى يېڭىدىغان ۋە ھەۋەسىڭىزگە چەك قويىدىغان بىلىمىڭىزدىن ئىبارەتتۇر. ئەقىلنىڭ بۇ ئېنىقلىمىسى ئۇنىڭ گرامماتىكىلىق جەھەتتىكى، لېكسىكىلىق (سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك) جەھەتتىكى ۋە تىل جەھەتتىكى مەنىسىگە يۈزدە-يۈز ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ئىسلامدىن بۇرۇن

ئەرەبچىدىكى «ئاقىلاھ» دېگەن سۆز ئەقىل (intelligence) گە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر مەنىنى بىلدۈرگەن. «ئاقىلاھ» ئەسلىدە «چەكلەش، توسۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. تۆگىنىڭ تۆمشۇقىغا باغلانغان، تۆگىنى كونترول قىلىپ باشقۇرىدىغان تانا ئەرەبچىدە «ئىقال» دەپ ئاتالغان بولۇپ، «ئاقىلاھ» دېگەن سۆز شۇ يەردىن كەلگەن.

دېمەك، بۇرۇنقى زىيالىيلار «ئەقىل» گە «ھەۋەسنى چەكلەش، ھەۋەسنى توسۇش» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن بولۇپ، ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بۇنداق ئېنىقلىما ھەقىقەتەن مۇۋاپىق ئىدى.

## 2. «ئەقىل» دېگەن سۆز قۇرئاننىڭ قەيرىدە ئىشلىتىلگەن؟

مەن قۇرئاندىكى بىزنى ئويلاشقا ئۈندەيدىغان ئايەتلەر ئۈستىدە ئازراق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بىر نەرسىنى كاتېگورىيەگە ئايرىش نىسپىي بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۈستەل ئۈستىگە 20 خىل نەرسىلەرنى قويۇپ، 5 ئادەمدىن ئۇنى كاتېگورىيەگە ئايرىپ چىقىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇلار ھېلىقى 20 نەرسىنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 5 خىل كاتېگورىيە گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ چىقىدۇ. ئۇ نەرسىلەر رەڭگى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئېغىرلىقى، ۋە ماتېرىيالى جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. قىسقىسى، نەرسىلەرنى كاتېگورىيەگە ئايرىش نىسپىي بولىدۇ. مېنىڭ بىر كاتېگورىيەگە ئايرىش ئۇسۇلۇم بار. ئەگەر سىز مەن ئايرىپ چىققان كاتېگورىيەگە قوشۇلمىسىڭىز، مېنىڭ ئۇنىڭغا باشقىچە پىكرىم يوق.

مەن قۇرئاننى باشتىن-ئاخىر تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى بىزدىن ئويلاشنى تەلەپ قىلغان ئايەتلەرنى ئايرىپ چىقتىم. ھەممىدە ئۇلار ئۈستىدە ئويلاندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر سخېما تۈزۈپ چىقتىم. مەن تۈزۈپ چىققان سخېمىغا ئاساسلانغاندا، بىزنى ئويلاشقا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى 4 كاتېگورىيەگە بۆلگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسى مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە قارىتىلغان. قالغان ئىككىسى بولسا مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان. مەن مۇشۇ 4 كاتېگورىيەگە كىرمەيدىغان ئايەتتىن بىرەرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

## 3. بىزنى ئويلاشقا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ 4 كاتېگورىيىسى

(1) بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدىغان ئايەتلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك مۆكەممەل، ھەممىدىن بەك قۇدرەتلىك ئاللاھتىن پەقەت بىرسىلا بارلىقى ھەققىدە ئويلاشقا، دىققەت بىلەن قاراپ بېقىشقا (contemplate)، ۋە ئەسلەشكە ئۈندەيدۇ. «ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ (47-سۈرە مۇھەممەد 24-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» ئاللاھ ئۇ ئايەتلەردە «نېمىشقا ئويلاپ باقمايسىلەر؟ ئەتراپىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار»، دەيدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا «ئۇلار ئۆزلىرى قاراپ باقمامدۇ؟ ئۇلار قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى كۆرمەمدۇ؟ ئۇلارنى كىم ياراتقان؟ بۇ دۇنيا قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك مەۋجۇتلۇققا كەلگەن؟» «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ (52-سۈرە تۇر 35-ئايەت).» بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ ئۇلارنى ئويلىنىپ، بىر خۇدالىققا ئىشىنىدىغان بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا كۆپ خۇدالىق ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. ئاللاھ دەيدۇكى، ئەگەر خۇدادىن پەقەت بىرسىلا بار

بولماي، خۇدادىن بىر قانچىسى مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كەتمەمتى؟ بىر خۇدا يەنە بىر خۇدانى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ، دۇنيانى قالايمىقانچىلىق قاپلاپ كەتمەمتى؟ «ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى (21-سۈرە ئەنبىيا 22-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» دېمەك، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قۇدرەتلىك ئاللاھتىن پەقەت بىرسىلا بار بولۇپ، ئۇ ھەممىنى كونترول قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ بۇ كاتېگورىيىدىكى ئايەتلەردە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنى ئويلاپ، ئەتراپىغا قاراپ ئىزدىنىپ، شۇ ئاساستا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قۇدرەتلىك ئاللاھتىن پەقەت بىرسىلا بارلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.

(2) بۇ كاتېگورىيىدىكى ئايەتلەر مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە ئويلاشقا چاقىرغان. مەسىلەن، بىر ئايەتتە «ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەمراھى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر (7-سۈرە ئەئراف 184-ئايەت)» دېيىلگەن. ئېھتىمال مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ئويلاشقا ئۈندەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك، ۋە كىشىلەر ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدىغان ئايەت تۆۋەندىكىسى بولۇشى مۇمكىن: «ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار)، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار» (34-سۈرە سەبەئ 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» Say, I am only asking you to do one thing that you standup for the sake of Allah in single and in groups then you think) بۇ يەردە ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارنى باشقا مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكە ئۈندەۋاتىدۇ. يەنى ئاللاھ بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا: «سىلەر ھۆرۈنلۈق قىلماي، ئاللاھ يولىدا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مەجنۇن كىشى (mad man) ئەمەسلىكىنى دەڭلار. بۇ ئادەم توغرۇلۇق، ئۇنىڭ گەپلىرى ۋە تەلىماتلىرى توغرۇلۇق ئويلىنىڭلار. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى راستمۇ ياكى راست ئەمەسمۇ؟ بۇ ئادەم نېمىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ قانداق كىتاب بىلەن كەلگەن؟ »، دەيدۇ. بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۈستىدە ئويلاش ھەققىدە ئىنتايىن ئېنىق بۇيرۇق بار. بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: « «ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، ئاللاھمۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن (10-سۈرە يۇنۇس 16-ئايەت).» دېمەك، بۇ يەردىكى 1-كاتېگورىيىدىكى ئايەتلەر مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» توغرۇلۇق ئويلاشقا ئۈندىسە، 2-كاتېگورىيىدىكى ئايەتلەر ئۇلارنى « مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» توغرۇلۇق ئويلاشقا ئۈندەيدۇ. بۇ ئىككى كاتېگورىيىدىكى ئايەتلەر مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرگە قارىتىلغان.

(3) بۇ كاتېگورىيىدىكى ئايەتلەر مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، سان جەھەتتىن بۇنداق ئايەتلەر بەك كۆپ ئەمەس. بۇ ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سېنىڭ ياراتقۇچىڭ ھەققىدە ئويلان، شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ ئىمانىڭ كۈچىيىدۇ.» بۇ كاتېگورىيە 1-كاتېگورىيە بىلەن پاراللېل بولۇپ، 1-كاتېگورىيە مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قارىتىلغان. مەزكۇر كاتېگورىيە بولسا مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان. بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ

تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (3-سۈرە ئال ئىمران 191-ئايەت).» ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلار ھەر قانداق بىر پەننى، مەسىلەن، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكىنى ئۆگەنسە، ئۇنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. يەنى سىز پەندە بايقالغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالمىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز. يارىتىلىشنىڭ قۇدرىتى بىلەن دىنامىكىسىنى چۈشىنىپ يېتىپ، «ئاھ، ياراتقۇچىمىزا!» دەپ قالىسىز. بىزنىڭ يارىلىشىمىزغا سەۋەب بولغان بىرلا نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھدۇر.

(4) ئاللاھ بىزنى قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن قۇرئان ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھ بىزگە «نېمىشقا قۇرئان ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمەيسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇ يەنە «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق (12-سۈرە يۈسۈف 2-ئايەت).» دەيدۇ. يەنى ئاللاھ «قۇرئاننى سىلەرنى ئويلاپ چۈشەنسۇن، دەپ چۈشۈرگەن»، دەيدۇ. «ئويلاپ ئۇنى چۈشىنىۋېلىڭلار» دەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ (ئۆز ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ (2-سۈرە بەقەرە 242-ئايەت.»

ئەگەر بىز «ئەقىل» نىڭ تىل جەھەتتىكى مەنىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىسلامىي تەپەككۇر قىلغاندىكى مەنىسىنى باغلاپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئەقلىنىڭ رولى بىزنىڭ ھاماقەتلىك، دۆتلۈك ۋە پەرۋاسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يۇقىرىدىكى 4 كاتېگورىيىنىڭ ھەممىسى «ئەقىل» نىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى مەنىسگە ئېلىپ بارىدۇ.

يۇقىرىدىكى 4 كاتېگورىيىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بۇتقا ئىشەنمەڭلار. يالغۇز ئاللاھقىلا ئىشىنىڭلار. پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى رەت قىلماڭلار، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار. ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئىمانىڭلارنى كۈچەيتىڭلار. ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، قۇرئاننى چۈشىنىڭلار. شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكى 4 كاتېگورىيە 4 ئاساسىي نۇقتا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. «ئەقىل» نىڭ قارشىسى «جاھىل» دۇر

شۇڭلاشقا «ئەقىل» گە قارىمۇ-قارشى نەرسە «جاھىل (نادان)» بولىدۇ. قۇرئانغا نىسبەتەن ئەقلىنىڭ كەم بولۇشى ئادەتتە ئىماننىڭ كەمچىل بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. قۇرئاندا دېيىلىشىچە، ئىمان ئىشىنىش بىلەن شۇ ئاساستا ئەمەلىي ئىش ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇ بويىچە ھەقىقىي ئىش كۆرمەسلىك ئىمان ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى ئىبلىستۇر. ئۇ ھەقنى بىلىدۇ، ئەمما شۇ بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغانلارنى «جاھىللار» دەپ ئاتايدۇ. «مۇناپىقلار ئويلىمايدۇ» دەيدۇ. بىر ئايەتتە ئاللاھ جەھەننەمدىكىلەرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ (67-سۈرە مۇلك 10-ئايەت).» يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز پەقەت ئاڭلاش ۋە ئويلاش بىلەنلا توختاپ قالغان بولساق، بىز جەننەتكە كىرەلمەيتتۇق.» دېمەك، ئاللاھ جەننەتتىكى كىشىلەردە قانداق ئەقلىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئۇلاردىكى ئەقىل ھەقنى چۈشەنگەن، ھەمدە شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن ئەقىلدۇر. ئۇلاردىكى ئەقىل دىن بىلەن دۇنيانىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىلدۇر.

شۇڭلاشقا ئاللاھقا بويسۇنمىغانلار «جاھىللار» دەپ ئاتالغان. مۇنداق بىر ئايەت بار: «ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە ياماننىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر (4-سۈرە نىسا 17-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.»

ھەزرىتى ئىبنى ئاباباس مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھەر بىر ئادەم ئاشۇ گۇناھى ئۈچۈن بىر جاھىل ھېسابلىنىدۇ.» ھەزرىتى ئىبنى ئاباباس تەمىلىگەن بۇ پىشىم مەزكۇر ئايەتنىڭ ئۆلچەملىك پىشمى بولۇپ، ئاللاھ بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن ئەقىلنى كۆزگە ئىلماي، جاھىللىقا (نادانلىققا) پېتىپ قالمىغان بولساڭ، سېنىڭ ئاللاھقا بويسۇنماسلىقىڭ مۇمكىن ئەمەس. سېنىڭ ئاللاھقا بويسۇنماسلىقىڭ، سېنى بىر جاھىل قىلىپ قويىدۇ.» بۇ تىل جەھەتتە بىر توغرا بايان قىلىنغان ئۇقۇمدۇر.

«ئەقىل» دېگىنىمىز «ئۆزىنى توسۇش، ئۆزىنى كونترول قىلىش» تۇر. سىز ئۆزىڭىزنى توسماي، ھاراق ئىچىسىز. سىز ئۆزىڭىزنى توسماي، زىنا قىلىسىز. سىز ئۆزىڭىزنى توسماي، باشقا ئەسكى ئىشلارنى قىلىسىز. دېمەك، سىزدە ئۆزىڭىزنى توسىدىغان ئەقىل بولمىغاچقا، ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىسىز.

دېمەك، ئاللاھقا بويسۇنمىغان كىشى جاھىل ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئىبنى تەيمىيە ئىدىيىسىدىن خۇلاسە

ئىبنى تەيمىيە 11 توملۇق قامۇس يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۆزى «ئەقىلنى ئاشقۇنلۇققا ئاپىرىۋەتكەن» دەپ قارىغان گۇرۇپپىلارنى تەنقىد قىلغان. ئۇ گۇرۇپپىلار دىنىي پەيلاسوپلار بولۇپ، ئىبنى تەيمىيە ئۇلارنى «ئەھلى كەلام» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ھېلىقى گۇرۇپپىغا تەۋە كىشىلەر ئىنسان ئەقلىنى ئۇنىڭ ھەقىقىي رولىنىڭ ئۈستىگە ۋە سىرتىغا ئاپىرىپ قويغان. ئىبنى تەيمىيە كۆڭلىدە نېمە بولسا سۆزىدە شۇنى دېيىش، ئەسلىدىكىسىدە چىڭ تۇرۇش (fundamentalist) جەھەتتە داڭ چىقارغان بىر ئادەم. ئۇ باشقا ئەسلىدىكىسىدە چىڭ تۇرىدىغان كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئىبنى تەيمىيە ناھايىتى ئەقىللىق ۋە پەلسەپىلىك ئىدىيىگە باي بىر ئادەمدۇر. ئۇ ئەنئەنىنىڭ راتسىئونال قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ «ئاللاھنىڭ ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلىش راتسىئونالىلىققا ۋە لوگىكىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەنئەنىگە ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇنى قوبۇل قىلماسلىق ئىراتسىئونالىلىققا كىرىدۇ»، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىنا ئۇنىڭ قامۇسىنىڭ ئىسمىدىمۇ ئەكس ئەتكەن: «سەۋەب بىلەن ھەقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ساقلىنىش». يەنى، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، سەۋەب بىلەن ھەق ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس، توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەقىل بىلەن قۇرئان ۋە سۈننەت ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئېنىق يېزىلغان مۇقەددەس دىنىي كىتاب (قۇرئان كەرىم) (explicit scripture) بىلەن ھەقىقىي سەۋەب (authentic reason) ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇقەددەس كىتاب بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدا بىر توقۇنۇش كۆرۈلىدىكەن، ياكى مۇقەددەس دىنىي كىتاب ئېنىق ئەمەس، ياكى سەۋەب راست ئەمەس. ئېنىق يېزىلغان مۇقەددەس دىنىي كىتاب بىلەن ھەقىقىي سەۋەب ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇت

بولماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاللاھتىن كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ سۆزلىرى، يەنە بىرى بولسا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان سوۋغىتى. قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەقىل بولسا ئاللاھ يارىتىلغۇچىلارغا ئاتا قىلغان سوۋغاتتۇر. بۇ ئىككى نەرسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئاللاھ بولغاچقا، ئۇلار ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك بولۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنى ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك قىلىپ قويۇش، ئاللاھ سۆزلىگەن نەرسە بىلەن ئاللاھ بەرگەن نەرسىنى زىددىيەتلىك قىلىپ قويۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باشقا بەزى زىيالىيلار، مەسىلەن، ئىبنى تەيمىيە قامۇسىدا مىسال قىلىپ ئالغان ئىبنى رۇشد، ئىبنى سىنا ۋە پەخرىدىن رازىلارنىڭ بىر پرىنسىپى بار بولۇپ، ئۇ پرىنسىپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر سەۋەب (ئەقىل) بىلەن ھەق (نەقىل) ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بېرىدىكەن، ۋەھيگە قارىغاندا سەۋەب (ئەقىل) ئۈستۈنلۈكنى ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، سەۋەب ھەقنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدىغان نەرسىدۇر. بىز قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ بىزگە ئەقلىمىز شۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن، بىز قۇرئان بىر ھەق، دەپ قارايمىز. بۇ يەردە ئەقىل قۇرئاننى قوللاۋاتىدۇ. بىز ئەقلىمىزگە ئىشىنىپ، قۇرئان ھەق، دەپ قاراۋاتىمىز.

ئىبنى تەيمىيە بولسا يۇقىرىدىكى ھېكمەتكە «بىمەنە، لوگىكىسىز، ۋە ئاساسسىز» دەپ باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قامۇسىدا مۇشۇ مەسىلىگە قارىتا 44 نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: بۇ پرىنسىپ ھەرگىزمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئاللاھ سۆزلىگەن نەرسە بىلەن ئاللاھ بەرگەن نەرسە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سەۋەب ياكى ئەقىلنىڭ بىر ئېنىق چېكى يوق. بىر ھەقىقي ئەقىل بىلەن بىر خاتا ئەقىلنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە يوق. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە مۇنداق بىر ئىشقا قاراپ باقساق بولىدۇ: ئىنسان تارىخىدا ئىككى دىنىي پەيلاسوپ بىرەر قېتىم مۇشۇ دۇنيانىڭ ئاساسى توغرىسىدا بىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىپ باققان ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىڭ: بۈگۈن سىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلسام، مۇنداق نەتىجە چىقىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرىسىز. ئەتىسى قارىسىڭىز ئۈنىڭدىن باشقىچە نەتىجە چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز «مەن قانداق بولۇپ مۇشۇنداق دۆتلۈك قىلغاندىمەن؟» دەپ ئويلايسىز. يەنى، سىزنىڭ ئەقلىڭىزنىڭ بىر خاتالاشمايدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى سىز ئۆزىڭىزمۇ ئىسپاتلاپ تۇرىسىز. دېمەك، ئەقىلنىڭ بىرەر ئېنىق چېكى يوق.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] **The Role of Revelation & Reason in a Post-Modernist Age ~ Dr. Yasir Qadhi | 30th April 2014**

https://www.youtube.com/watch?v=PMeNqqwDimI

[2] كاشغەرى، «ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەن (1)

http://bbs.misranim.com/thread-124269-1-1.html

[3] مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، «ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەن قارشىمۇ؟»

http://bbs.misranim.com/thread-125025-1-1.html

*****************************************************************************

## ۋەھيى بىلەن ئەقىلنىڭ ئالاقىسى

(1)

### قۇرئان ۋە ئەقىل

ئەقىل ھەقىقى بىر مۆجىزە، بۇ مۆجىزە ئەقىلنى ئاللاھ ئەھمىيەتسىز يارىتىپ قويمىدى، ئىنسانغا ھۆججەت بولسۇن ئۈچۈن ياراتتى. ئەقىل ئىنساننىڭ ھەقىقەتكە يېتىشى ئۈچۈن ئاللاھ ئاتا قىلغان نۇرى، تەپەككۇرنىڭ يولى، مەرىپەت ۋە ئىماننىڭ ئاچقۇچى.

ئىسلام دىنى بىلىم-مەرىپەت ۋە ئالىملارنىڭ قەدرىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ:«ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»(مۇجادىلە سۈرىسى، 11-ئايەت). ئىسلام مۇسۇلمانلارنى بىلىم- مەرىپەت ئۆگىنىشكە چاقىرىپلا توختاپ قالماستىن، ھايات ۋە كائىناتقا نەزەر يۈرگۈزۈش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە چاقىرىق قىلىدۇ.

قۇرئاندا «ئەقىل»دېگەن سۆز يانداش سۆزلىرى بىلەن 300 قېتىم تەكرارلانغان، «ئىلىم»(بىلىم) دېگەن ياندىش سۆزلىرى بىلەن سۆز 1500 قېتىم تەكرارلانغان».

ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتكە باغلانغان ئەقىلنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئەقىلنى ئاساسلىق مەرىپەت مەنبەلىرىنىڭ قاتارىدىن دەپ بەلگىلەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئەقىلنى تىلغا ئالسا ئۇلۇغلاش ئورنىدا ۋە ئەقىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئاساسىدا بايان قىلىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئەقىلنى ئىشقا سېلىشقا چاقىرغانلىقى ئەقىلنىڭ ئورنىنى تەكىتلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئىنساننى تەپەككۇر قىلىش، ئانالىز قىلىش، چۈشىنىش ۋە ئاڭقىرىشتىن ئىبارەت خاس ئارتۇقچىلىقىغا دىققىتىنى قارىتىدۇ. ئىنسان ئەقىلنى كېرەكسىز قىلىپ قويسا، ئىنسانلىق ماقامىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئەقىلنى ئىستىمال قىلىشقا چاقىرغانلىقى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئېچىۋېتىدۇ، تەپەككۇرنى قوزغىتىدۇ، بىلىم-مەرىپەتلەرنى ئېخىمۇ كۆپلەپ ئېلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان تەپەككۇر قىلسا تەرەققى قىلىدۇ، ئەقىلنى كېرەكسىز قىلىپ قويسا مەرىپەت چېكىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئىمان بىلەن تەپەككۇر، ئىمان بىلەن مەرىپەت ئارىسىدىكى رىشتىنى چىڭىتىدۇ.

قۇرئاننىڭ-كائىنات ۋە ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە نەزەر تاشلاشقا يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق-ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرغانلىقى مۇستەھكەم ئىلمىي مېتودتىن ئىبارەت. بۇ مېتود ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ ئىلمىي مېتود مەرىپەتكە يېتىش يولىدا گۇمان ۋە تەخمىنەن قاراشقا تايىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ...

قۇرئان خىتاب قىلىۋاتقان ئەقىل ۋىجداننى ساقلايدىغان، ھەقىقەتلەرنى ھېس قىلالايدىغان، ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈپ قارىيالايدىغان، زىددىيەتلەرنى سىلىشتۇرالايدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان

ۋە ئانالىز قىلالايدىغان ئەقىلدۇر. بۇ ئەقىل قاتماللىق، تەرسالىق ۋە ئازغۇنلۇقتا قارىشى تۇرىدىغان ئەقىلدۇر. قۇرئاننىڭ ئەقىلگە خىتاب قىلغانلىقى تەپەككۇر قىلىش مېتودىنى توغرىلاپ بەرگەنلىكىدۇر.

ئىسلام دىنى چېركاۋغا ئوخشاش مۇقەددەس كىتاب (قۇرئان)نى چۈشىنىشنى يالغۇز دىنىي ئالىملارنىڭ ھەققى دەپ قاراپ، باشقا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى ۋە چۈشىنىشىنى چەكلىمىدى. ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى ۋە بىلىم مەرىپەتلىك كىشىلەر قۇرئانغا نەزەر تاشلىسا ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارسا، ئىسلام قارىشى ئالىدۇ.

## (2)

## ئەقلى نەزەر يۈرگۈزۈش مەيدانلىرى

بۇ يەردە شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئويلىنىش چەكلىنىدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى چەكلىك بولۇپ ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى توغرىسىدا ئويلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. كائىناتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن نېمەتلىرى، ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇدرەت تەسرى بولغان كائىنات ۋە ھايات مەسلىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇلغان. تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىلغان مەيدان تۆت:

1. ئاللاھنىڭ چەكسىز كامالى قۇدرىتى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىدە ئىزدىنىش،

2. كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كائىنات كىتابى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش،

3. قۇرئان ئىسلامنىڭ قانۇنشۇناسلىق ھېكمەت سىرلىرىنى بىلىش ۋە يېڭى ۋەقەلىكلەرگە ھۆكۈم يەكۈنلەش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا يۈزلەندۈرىدۇ.

4. قۇرئان ئىنسانىيەت ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان قانۇنىيەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ. ھايات قانۇنىيەتلىرى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى مەنپەئەتى بىلەن ماسلىشىدىغان ياخشى جەمئىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىشنى لازىم. شۇڭا قۇرئان زېمىندىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرىغا قاراپ چىقىڭلار دەپ بۇيرۇغان. جەمئىيەتلەردىكى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ۋە يوقۇلۇش ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىشقا، ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىبرەت ئېلىش ۋە خاتالىقلاردىن ساقلىنىشقا، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن زىددىيەتلەشمەسلىككە چاقىرغان .

دېمەك، قۇرئان ئەقىلنىڭ ئورنى، قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى پەرۋاسىزلىق قىلماي قوغدىغان. قۇرئان كەرىم ۋەھيىنى ئازغۇن ئىزاھاتلاردىن قوغداش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مەقسەتلىرىدىن بۇرۇۋېتىشتىن ھېمايە قىلىش ۋە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان تۈرلۈك ئاپەتلەردىن قوغداش خىزمىتىنى، شۇنداقلا ئىلمىي تەرەققىيات، تەجرىبە تەتقىقاتلىرى ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئەقىلگە تاپشۇرغان.

بىراق ئەقىلنىڭ ئىلاھىي ۋەھىيدىن چەتنەپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. چەتنەپ كەتسىلا ياخشىلىقتىن يىراقلىشىدۇ ۋە چىرىكلىككە يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئەقىل ئىلاھىي ۋەھىي دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلسا، ھەرىكەت دائىرىسى تارىيىپ قالمايدۇ، مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ھەرىكەت قىلالايدۇ. ۋەھىي ئەقىلنى پەقەت توغرا يۆلىنىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن، خاتا چۈشەنچىدىن ۋە ھەۋەسنىڭ تارتىپ كېتىشىدىن توسىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاياتقا گۈزەللىك قوشىدىغان تۈرلۈك مەيدانلاردا ھەرىكەتلىنىشكە ئىتتىرىدۇ.

(3)

## ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش لازىم

ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا زىددىيەتنىڭ يۈز بېرىشى قۇرئان خىتابىدىن تەسىرلەنگەن ئىسلام ئەقلىدىن پەيدا بولمىغان. بىراق ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ گىرىك پەلسەپىسىدىكى گىرىك ئەقلىدىن تەسىرلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. شۇڭا دەسلەپكى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئەقىلنى توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان تۇغما قابىلىيەت دەپ قارىغان. ئەقىدەشۇناس ئالىملار ئەقىل مەرىپەتنىڭ يول باشچىسى سۈپىتىدە ۋەھىيگە تايىنىشى زۆرۈر دەپ تەكىتلىگەن. مېتافىزىكا خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە ئەقىل ۋەھىيگە تايانماي مۇستەقىل ھالدا توغرا قاراش ئالالمايدۇ.

ھەر قانداق ئەھۋالدا «ۋەھىي بىلەن ئەقىل» ئىدىيە، مەرىپەت، ئەمەل قىلىش ۋە ئىنتىزامغا سېلىش مەنبەسى سۈپىتىدە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىرى بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. زىددىيەتلىشىپ قالغان مەسىلە ۋەھيىنى ئىزاھلاشتا ۋە ئەقلى نەتىجىلەرگە يېتىش مېتودىمىزدا كۆپ تەپەككۇر قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە نەزەر يۈرگۈزۈش ئاساسىدا ھەل بولىدۇ، ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ، زىتلىشىش خىيالى يوقىلا چىقىدۇ ۋە ئىنسان ھاياتىنى يۈزلەندۈرۈۋاتقان شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى نىشان قىلىۋاتقان ئىنسانىي مەنپەئەت تەقەززالىرى روشەنلىشىدۇ.

ئەقىل بىلەن نەقىلنىڭ زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ۋەھيىگە زىت كەلگەن ئەقلى مەسىلە كەسكىن بولمىسا، زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.

2. ساغلام ئەقلى يەكۈنگە زىت دەپ قارىلىۋاتقان نەقىل(ھەدىس) سەھى ھەدىس بولمىسا، زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.

3. نەقىلنى چۈشىنىشتىكى خاتالىق سەۋەبىدىن زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.

4. ئەقىل كەسكىن ھالەتتە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدىغان مەسىلە بىلەن ئەقىل ھېس قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرمەسلىكتىن يۈز بېرىدۇ. بۇ مەسىلىدىكى جانلىق مەسىلىلەر:

(1) ۋەھيىنىڭ ھەقىقەتلىرى ئەقىلنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالمايدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ مەنبەسى ئاللاھ.

(2) كەسكىن ئۇقۇمغا ئىگە ۋەھيي كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ئەقلى ھۆكۈمنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، كەسكىن ھەقىقەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن نەزەرىيەنىڭ ۋەھيىنىڭ كەسكىن ئۇقۇمىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس.

(3) كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ۋەھيي ئۇقۇمى ئەقلىنىڭ كەسكىن ئۇقۇمى ئاساسىدا ئىزاھلىنىدۇ. چۈنكى كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ۋەھيي ئۇقۇمى بىر قانچە خىل ئىزاھلاشنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇڭا ئىلمىي ھەقىقەت قوللىغان ئىزاھات ئالدىغا سۈرۈلىدۇ.

(4) ئەگەر ۋەھيي ۋە ئەقلىدىن ئىبارەت ھەر بىرسىنىڭ ئۇقۇمى كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بولسا، بىرسىنىڭ يەنە بىرسىدىن كەسكىن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانغا قەدەر بىرىنى يەنە بىرىدىن كۈچلەندۈرمەي توختاپ تۇرىمىز. قايسىنىڭ كەسكىنلىكى ئىسپاتلانسا، شۇنى ئالدىغا سۈرىمىز. ئەگەر ئىسپاتلانمىسا، سىرتقى كۈچلەندۈرۈش ئامىللىرىنى ئىزدەش لازىم بولىدۇ.

ئىمام پەخرۇ رازى: ئەقىل بىلەن نەقىل زىتلىشىپ قالغاندا ئەقلنى نەقلىنىڭ ئالدىغا قويغان. ئىمام ئىبنى تەيمىيە ئەقىل بىلەن نەقىل زىددىيەتلىشىپ قالغاندا نەقلنى ئەقلىنىڭ ئالدىغا قويغان.

مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئىككى خىل مېتود ئىنسانىيەت ھاياتىنى يۈزلەندۈرۈشتە ۋەھيي بىلەن ئەقلىنىڭ ئەھمىيىتىنى شەكلەندۈرۈش بىلەن ئالاقىسى يوق. ھەر ئىككى ئېقىم مەيلى ۋەھيىگە تەۋە بولسۇن ياكى ئەقىلگە تەۋە بولسۇن كەسكىن ھۆكۈمگە ئەگىششىنىڭ زۆرۈرلىكىدە ئىتتىپاق، ۋە كەسكىن ۋەھيي بىلەن كەسكىن ئەقلى يەكۈنىنىڭ زىددىيەتلىشىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدە بىردەك قاراشتا.

مەسىلەن، ئىمام رازى ۋەھيىنىڭ مەرىپەت مەنبەسى ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايدۇ، بەلكى مەۋجۇدىيەتنى بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇر قىلىشتا قۇرئان كىرىمنىڭ ھۆججىتى ئاساسىدا قەدەم باسىدۇ. بىراق ئۇ ئايەتنى زاھىريي مەنىسىگە ئاپىرىش مۇمكىن بولمىغاندا ئايەتنى زاھىرى ئۇقۇمىدىن باشقىچە ئىزاھلاشقا چاقىرىدۇ.

ئىمام ئىبنى تەيمىيەمۇ نەقلىنىڭ راستچىللىق باياندا ئەقلىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئەھمىيىتىدە شەك قىلمايدۇ. بىراق ئۇ ئەقىلگە نىسبەت بېرىلگەن قاراشنىڭ ھەممىسى رەت قىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە كەسكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

راغىب ئىسپاھانى مۇنداق دېگەن:«شۇنى بىلگىنكى، ئەقىل شەرىئەت بولمىسا ھىدايەت تاپالمايدۇ، شەرىئەت ئەقىل بولمىسا نامايان بولمايدۇ، ئەقىل ئاساس، شەرىئەت بىناغا ئوخشايدۇ. بىنا بولمىسا ئاساسى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئاساسى بولمىسا بىنا مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. ئەقىل كۆزگە ئوخشىسا، شەرىئەت نۇرغا ئوخشايدۇ. سىرتتىن نۇر بولمىسا، كۆز ئەسقاتمايدۇ، كۆز بولمىسا نۇرمۇ ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا شەرىئەت سىرتتىن ئەقىلدۇر، ئەقىل ئىچىدىن شەرىئەتتۇر، ئۇ ئىككىسى بىر بىرى بىلەن زىددىيەتلەشمەيدۇ، بەلكى بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ».

ۋەھيي بىلەن ئەقىل ئارىسىدىكى بىر بىرىنى تولۇقلاش مۇسۇلمانىنىڭ ئېڭىدا ئاددى چۈشىنىشلىك مەسىلە. چۈنكى ئەقىل ئىنسانىنىڭ زېمىندىكى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ھېس قىلىشى ۋە بۇ ئامانەتنى ئورۇنلاشقا ياردەم بېرىدىغان ماددى سەۋەبلەر بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئاتا قىلغان سوۋغات. ۋەھيىدىن مەقسەت ئىنسانىنى ھىدايەت قىلىش، چۈشەنچە ئېتىقادىنى تولۇقلاش، توغرا ھايات غايىسىنى بەلگىلەش، ھاياتتىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى بېكىتىش، يۆلىنىشىنى توغرىلاش، ھايات ۋە

**كائىنات ئالاقىسىدىن سىرت ئاخىرەت ھاياتى بىلەن توغرا مۇئامىلىدە بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.**




The Role of Revelation & Reason in a Post-Modernist Age ~ Dr. Yasir Qadhi | 30th April 2014

**1-رەسىم: ياسىر قازى دوكلات بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.**

# قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت ــ ئايەت ئۇل كۇرسى ھەققىدە

**2014-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى**

قۇرئاندا 6000 دىن كۆپرەك ئايەتلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئەڭ مۇھىم، ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت بار. ئەمما، بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ ئايەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر جۈملە سۆز ئازراق خاتا تەرجىمە قىلىنىدىكەن. بىز ھازىرغىچە بىر ئاز خاتا تەرجىمە قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئايەتنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم سۆزنىڭ توغرا تەرجىمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش، شۇنداقلا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، مەزكۇر ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ «ئايەت ئۇل-كۇرسى ــــ قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت» دېگەن تېمىدىكى بىر لېكسىيىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بايان قىلىمىز. بۇ لېكسىيە 2012-يىلى 7-ئايدا رامىزاننىڭ 3-كۈنى سۆزلەنگەن. مەزكۇر يازمىنىڭ دىنىي يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئاز ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى. ئەگەر ئۆز پىكرىمىزنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى «ئىلاۋە» شەكلىدە، ياكى ئايرىم كىچىك تېما قىلىپ كىرگۈزىمىز.

ئايەت ئۇل-كۇرسى نېمە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم؟ ئايەت ئۇل-كۇرسىنى مەدھىيىلەيدىغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ بىرى سەھىھۇل بۇخارىدىكىسى بولۇپ، ئۇنى ھەزرىتى ئۇبەي يازغان. ھەزرىتى ئۇبەي ئىبنى كەئب قۇرئاننى ئەڭ كۆپ بىلىدىغان ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر. بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇبەيدىن مۇنداق دەپ سورايدۇ: «ھەي ئۇبەي، قۇرئاندىكى مەدھىيىگە ئەڭ سازاۋەر (blessed) ئايەت قايسى؟ ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت قايسى؟» ھەزرىتى ئۇبەي كەمتەرلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «سىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بۇنى ئەڭ ياخشى بىلىسىز»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ سوئالنى يەنە سوراپ، ھەزرىتى ئۇبەينى جاۋاب بېرىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۇبەي مۇنداق دەيدۇ:

«بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر (2-سۈرە 255-ئايەت).»

بۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ، ھەزرىتى ئۇبەينى ياخشى

كۆرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئازراق ئىتتىرىپ قويىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا «بىلىم بىلەن سەن دائىم خۇشال-خۇرام بىللە يۈرۈيسلەر»، دەيدۇ. قىسقىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدۇ. يەنى، قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت ـــ ئايەت ئۇل-كۇرسىدىن ئىبارەت.

## 1. ھەدىستىكى بىر ھېكايە

بىر ھەدىستە مۇنداق بىر ھېكايە بار. مەلۇم بىر رامىزان ئېيىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى كۆپ سەدىقىلەر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەبۇھۇرەيرەگە «ئەبۇھۇرەيرە، سەن بېرىپ سەدىقىلەرنى باققىن. ئۇنى بىرسى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن» دەيدۇ. ئەبۇھۇرەيرە سەدىقىلەرنى كېچىچە بېقىپ، بىر ۋاقىتتا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، بىرسىنىڭ سەدىقىلەرنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ھەمدە چاققان بېرىپ ئۇ ئوغرىنى بىلىكىدىن تۇتۇۋالىدۇ. ئۇ ئوغرى بولسا، بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن يالۋۇرىدۇ: «مەن باقمىسام بولمايدىغان بىر ئائىلەم بار. بىزنىڭ يەيدىغانغا تامىقىمىز يوق. مەن ھازىر ئاچلىقتا ئۆلەي دەپ قالدىم. مېنى مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈۋېتىڭ. مەن بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن.» ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى قويۇۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كېچىسى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەتىسى ئەتىگىنى ئەبۇھۇرەيرەدىن سورايدۇ: «ئاخشام سېنى ئىزدەپ كەلگەن كىشى بىلەن نېمە ئىش بولدى؟» ئەبۇھۇرەيرە جاۋاب بېرىپ: «ئۇ بىر بىچارە ئادەمكەن. ئۇ قاتتىق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغان ئىدى، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم.» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئۇ ئادەم يەنە قايتىپ كېلىدۇ»، دەيدۇ. ئەبۇھۇرەيرە كۆڭلىدە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ بۇ قېتىم چوقۇم ئۇنى تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەكېلىمەن»، دەپ ئويلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن 2-كۈنى كېچىسى ئەبۇھۇرەيرە ئىنتايىن ھوشيار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۇخلاپ قېلىپ، كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، ھېلىقى ئوغرى ھەدەپ سەدىقىلەرنى بىر خالتىغا سېلىۋاتقان. ئەبۇھۇرەيرە ئوغرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، «ئەمدى سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئاپىرىمەن»، دەيدۇ. ئەمما ئوغرى بولسا بۇرۇنقىدەكلا بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن يالۋۇرۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئەبۇھۇرەيرە بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ئۇنىڭغا يەنە ئىچى ئاغرىپ ئۇنى يەنە قويۇۋېتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۇرەيرەدىن يەنە سورايدۇ: «تۈنۈگۈن ئاخشام كەلگەن ئادەم كېيىن قانداق بولدى؟» ئەبۇھۇرەيرە ناھايىتى خىجىل بولۇپ، كۆڭلىدە «ئەمدى بولدى. بۇ قېتىم ئۇ ئوغرىنى چوقۇم تۇتۇپ ئەكەلمىسەم بولمىدى»، دەپ قاتتىق ئىرادە باغلايدۇ.

ئۈچىنچى ئاخشىمى ئەبۇھۇرەيرە قەتئىي ئۇخلىماي، ھېلىقى ئوغرى كەلگەندە ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. بۇ قېتىم ئوغرى ھەر قانچە يالۋۇرسىمۇ، ئەبۇھۇرەيرە ئۇنى قويۇۋەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغرى ئەبۇھۇرەيرەگە مۇنداق دەيدۇ:

--ئەگەر مەن ساڭا سەن ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئەسقاتىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرسەم، سەن مېنى قويۇۋېتەمسەن؟

--ئۇ نېمە گەپ؟ قېنى دەپ باق. مەن ئاڭلاپ باقاي.

--سەن ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئايەت ئۇل-كۇرسىنى بىر قېتىم ئوقۇۋەتكىن. شۇنداق قىلساڭ، ئاللاھ ساڭا بىر قوغدىغۇچىنى ئەۋەتىپ، ئۇ قوغدىغۇچى قېشىڭدا سېنى قوغداپ، پۈتۈن بىر كېچە ساڭا ھېچ كىم چېقىلالمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇھۈرەيرە «بۇ بىر ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى قىممەتلىك سوۋغا بولدى»، دەپ ئويلاپ، ئوغرىنى يەنە قويۇۋېتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاخشام كەلگەن مېھمانىغا يەنە نېمە بولدى؟» دەپ سورايدۇ. ئەبۇھۈرەيرە ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق دەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۈرەيرەگە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قېتىم ئۇ ساڭا راست گەپنى قىلىپتۇ. ئەمما ئۇ كىشى يالغانچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان بىرىدۇر. ئۇ ھەممە ۋاقىتتا يالغان گەپ قىلىدىغان بىرى بولسىمۇ، بۇ قېتىم ساڭا راست گەپنى قىلىپتۇ. ساڭا كەلگەن ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ بىر شەيتان. ئۇ سەدىقىلەرنى ئوغرىلىغىلى كەلگەن بولۇپ، ئۇ ساڭا يالغان سۆزلىگەن ئىدى، سەن ئۇنىڭغا ئىشەنىدىڭ. ئەمما، ئۇنىڭ ساڭا 3-قېتىم دېگىنى راست.»

## 2. ئايەت ئۇل-كۇرسىنى قانداق ۋاقىتتا ئوقۇش كېرەك؟

بۇ يەردىكى راست گەپ قايسى؟ ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر سىز ئايەت ئۇل-كۇرسىنى ئوقۇسىڭىز، سىزگە ھېچ قانداق نەرسە زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ سىزگە بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ، سىزنى قوغدايدىغان بولۇپ، جىن بولامدۇ، ياكى باشقا نەرسە بولامدۇ، ئىشقىلىپ ھېچ قانداق نەرسە سىزگە زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

بىز بۇ ھەدىستىن مۇنداق بىر ئىشنى بىلىۋالالايمىز: بىز ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن چوقۇم ئايەت ئۇل-كۇرسىنى بىر قېتىم ئوقۇۋېتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى ئاخشىمى شۇنداق قىلغان. دېمەك، ئايەت ئۇل-كۇرسى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەتتۇر.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەت ئۇل-كۇرسىنى ھەر كۈنى ئەتىگەن بىلەن ھەر كۈنى كەچتە بىر قېتىمدىن ئوقۇش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەر كۈنى ئاشۇنداق قىلىدىغان بولۇپ، بىز ئۇنى «ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكىرلار» دەپ ئاتايمىز. مۇسلىم ئىبنى ئەھمەدنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر بىر ئادەم ھەر بىر قېتىملىق نامازدىن كېيىن ئايەت ئۇل-كۇرسىنى ئوقۇپ تۇرىدىكەن، بۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى توسۇپ قالىدىغان بىردىن-بىر ئىش ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئۆلۈمىدىن ئىبارەت بولىدۇ (The only thing preventing him from entering jannah is his own death). (ئەسكەرتىش: بۇ يەردە ياسىر قازى «ئۆز ئۆلۈمى» دېگەنىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھېچ قانداق چۈشەنچە بەرمەپتۇ) بۇ بىر ئىنتايىن ئېسىل ھەدىس بولۇپ، سىلەرنىڭ ھەممىڭلاردىن بۇنى يادلىۋېلىشىڭلارنى، شۇنداقلا بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنى ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمەن. مەزكۇر ھەدىستىن كۆرىۋالغىنىمىزدەك، ئەگەر سىز كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇپ، بامدات نامىزىدىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ئايەت ئۇل-كۇرسىنى بىر قېتىم ئوقۇۋەتسىڭىز، ھەمدە ئاخشىمى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ كەتمەي، ئايەت ئۇل-كۇرسىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇۋەتسىڭىز، سىز جەننەتكە تەۋە ئادەم بولالايسىز.

## 3. ئايەت ئۇل-كۇرسى نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە ئايەت بولۇپ قالغان؟

ئۇنداقتا ئايەت ئۇل-كۇرسى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ؟ ئۇ پەقەت بىرلا ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران بىر بەتنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. قۇرئاندا شۇنچە كۆپ باشقا ئايەتلەر بار تۇرسا. قۇرئاندا 6000 دىن كۆپرەك ئايەت بار تۇرسا. نېمە ئۈچۈن بۇ ئايەت باشقا ھەممە ئايەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي. ئۇ بولسىمۇ بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشلىرىدۇر. قۇرئاندىكى ئەڭ ئېسىل ئايەتلەر داۋاملىق تۈردە ئاللاھ توغرىسىدىكى ئايەتلەر بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، قۇرئاندا مۇزاكىرە قىلىدىغان تېمىلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھتىن باشقا ئەڭ ئېسىل نەرسە يوق، ئاللاھتىن باشقا ئەڭ گۈزەل نەرسە يوق. ئاللاھنى چۈشەندۈرگەندەك چۈشەندۈرۈشكە ئەرزىيدىغان، ئاللاھنى كۈيلىگەندەك كۈيلەشكە ئەرزىيدىغان باشقا بىرەر تېما يوق. شۇڭلاشقا قۇرئاندىكى ئەڭ ئېسىل ئايەتلەر ئاللاھنى كۈيلەيدىغان ئايەتلەردۇر. قۇرئاندىكى ئەڭ ئېسىل سۈرە ئاللاھنى كۈيلەيدىغان ۋە شەرھىيلەيدىغان سۈرە ئىخلاس (112-سۈرە) تىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى قايسىڭلار ھەر كۈنى ئاخشىمى قۇرئاننىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى ئوقۇشنى خالايسىلەر؟» ساھابىلەر «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كىم ئۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنى بىر ئاخشامدىلا ئوقۇپ بولالىسۇن؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: «مەن سىلەرگە بىر سۈرىنى دەپ بېرەي. ئەگەر سىلەر ئاشۇ سۈرىنى ئوقۇساڭلار، ئاشۇ قۇرئاننىڭ 3 تىن بىرىنى ئوقۇغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ سۈرە ئىخلاستىن ئىبارەت».

نېمە ئۈچۈن ئىخلاس سۈرىسى بىلەن ئايەت ئۇل-كۇرسى شۇنچە مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئاتىلىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەيدىغانلىقىدىندۇر. تۆۋەندە مەن 4-5 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ ئايەت ئۇل-كۇرسىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئادەتتە بۇنىڭغا بىر قانچە سائەت ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، مەن قىسقىچىلا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## 4. ئايەت ئۇل-كۇرسىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر؛ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئەسكەرتىش: بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئەينەن ئېلىندى) ئاللاھنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئاتىلىشى بار. ساناقسىز ئاتىلىشى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 99 خىل ئاتىلىشى ناھايىتى ئالاھىدە ۋە ناھايىتى مۇقەددەستۇر. مۇشۇ 99 خىل ئاتىلىشنىڭ ئىچىدىكى قۇرئاندا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى «ئاللاھ» دىن ئىبارەت. يەنى قۇرئاندا «ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئەلا» دېگەن ئىسىم ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئىسىم قۇرئاندا بىرىنچى بولۇپ ئۇچرايدۇ. ئاللاھنىڭ نامى قۇرئاندا 3500 قېتىمدىن كۆپرەك قېتىم كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەڭدىن تولىسى «ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئەلا» دېگەن ئاتىلىشدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ بارلىق مۇقەددەس كىتابلىرىدا

چۈشۈرۈلگەن ئىسىم مۇشۇ ئىسىمدۇر. كونا ئەھد (زەبۇر، Old Testament) تە «ئىلو» بىلەن «ئىلوھىم» دېگەن ئىسىم ناھايىتى كۆپ يەرلەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ «ئاللاھ» بىلەن «ئاللاھۇم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەھۇدىيلار ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئەۋلادلار ئەنە شۇ «ئىلو، ئىلوھىم» دېگەن ئىسىملارنى قوللانغان ئىدى.

«ئاللاھ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتىمۇ ھەر خىل كۆز-قاراشلار مەۋجۇت. مېنىڭچە بۇ ئىسىمنىڭ ئەڭ توغرا چۈشەندۈرۈلۈشى «جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇ قىلىدىغان نەرسە (An object that all creatures desire)» بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرقى نىشان ئاللاھتۇر. مانا بۇ «ئاللاھ» دېگەن سۆزنىڭ بىر مەنىسىدۇر.

«ئاللاھ» نىڭ يەنە بىر مەنىسى، سىز «ئاللاھ» دېگەندە، ۋۇجۇدىڭىزنىڭ تىترەككە تولۇشى، ۋۇجۇدىڭىز ھەيرانلىققا تولۇشى، ۋە ۋۇجۇدىڭىزدا بىر گۈزەل مەنزىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدۇر.

«ئاللاھ» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ ئاكادېمىك مەنىسى «ئاللاھ ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرى (Allah is the one who is worthy to worship)» دېگەندىن ئىبارەت. بۇنى ئاللاھ «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن ئايەتتە جەزملەشتۈرىدۇ. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ كەلىمىنى خاتا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى « بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ( There is no god but God, there is no Lord but God, there is no creator but Allah)» دەپ ئىشلىتىدۇ. بۇ بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال بولۇپ، ئۇنداق تەرجىمىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس. ئۇ ئايەتنى ئاشۇنداق تەرجىمە قىلغاندا مەزكۇر كەلىمگە ئادالەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ كەلىمىنىڭ توغرا تەرجىمىسى مۇنداق: «ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر (There is no deity worthy to worship other than Allah).» «ئىبادەت قىلىش» نىڭ مەنىسى «ئۆزىنى تاپشۇرۇش» تىن ئىبارەت. ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئەھلى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىن باشقا بىر نەرسىگە ئۆزىنى تاپشۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بەزىلەر ئۆزىنى ساختا خۇداغا تاپشۇرىدۇ، بەزىلەر ئۆزىنى ئارزۇغا تاپشۇرىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىنى ماتېرىيالىزم ۋە پۇلغا تاپشۇرىدۇ. مانا بۇ ئىبادەتتۇر. مەزكۇر كەلىمىنىڭ مەنىسى «بىز ئۆزىمىزنى تاپشۇرىدىغان، بىز بويسۇنىدىغان، ۋە بىز ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىدىغان نەرسىدىن ئاللاھتىن باشقىسى يوق» تىن ئىبارەت.

«ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» ئاللاھنىڭ يالغۇز جېنى بار بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ جېنى مۇكەممەل بولۇپ، ئۇ باشقىلارغىمۇ جان ياكى ھاياتلىق بېرىدۇ. ھېچ قايسىمىزنىڭ مۇكەممەل جېنى يوق، ھەمدە ھېچ قايسىمىز بىرەر جانلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيمىز، ياكى باشقا بىرسىگە جان بېرەلمەيمىز. بىزنىڭ جېنىمىزنىڭ كەم يېرى بار. بىزنىڭ جېنىمىزنى ئاللاھ بېرىدۇ. شۇنداقلا بىز ھايات تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىز يېمەكلىككە ئېھتىياجلىق بولىمىز، سۇغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، دەم ئېلىشقا ئېھتىياجلىق بولىمىز، ئۇخلاشقا ئېھتىياجلىق بولىمىز، ھەمدە ھەممە ھاياتلىق ئەڭ ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولۇپ، پەقەت ئەلھەي (ئاللاھ) لا ئۇنداق بولمايدۇ. ئەلھەينىڭ ھېچ نېمىگە ئېھتىياجى يوق. ئەلھەينىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق. «ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ.» ئەلھەي ھېرىپ قالمايدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزىنىڭ سىلەرنىڭ يېمەكلىكلىرىڭلارغا ئېھتىياجى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ سىلەرگە يېمەكلىك بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. «ئەلھەي» نىڭ مەنىسى «مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان» دىن ئىبارەتتۇر.

«ئەلقەييۇم» نىڭ مەنىسى «باشقىلارغا شۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى بەرگۈچى» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا «ئەلھەيي» ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، «ئەلقەييۇم» بولسا يارىتىلغۇچىلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. «ئەلھەيي» ئۆز-ئۆزىدىن خەۋەر ئالالايدۇ، «ئەلقەييۇم» بولسا باشقا نەرسىلەردىن خەۋەر ئالىدۇ (Alhay can take care of himself, Alqayum takes care of everything else). شۇڭا ئاللاھ «ئەلھەيي» بولۇپ، ئۇنىڭ سىزگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ، ھەمدە ئۇ «ئەلقەييۇم» بولۇپ، سىزنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىڭىز چۈشىدۇ. ئاللاھ باشقا بارلىق جانلىقلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. مانا بۇ «ئەلقەييۇم» دۇر. مانا بۇ مۇكەممەللىكتۇر. «ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ.» ئاللاھ ھېرىپ قالمايدۇ، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ يېمەكلىككە ئېھتىياجى يوق، ئۇنىڭ ھېچ نېمىگە ئېھتىياجى يوق. «ئاللاھ رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس (سۈرە ئەنئام 14-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» «ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» «ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ( سۈرە رەئد 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» ئۆزىدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. ئەگەر ئاللاھ خالىمىسا بۇ دۇنيادىكى ھېچ قانداق بىر ئىش يۈز بەرمەيدۇ. بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھەر بىر ئىشنى ئاللاھ بىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ ئىشلارنى ئاللاھ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر.» ئاسماندىكى ۋە يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بارلىققا كەلتۈرگەن. «ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن.» بۇ يەردە ئاللاھ دەيدۇكى، سىزنىڭ بىر ئىشنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلالىشىغۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، سىز ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭ ئالدىدا شاپائەتمۇ قىلالمايسىز.

«ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ.» بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇرۇن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، قانداق يوشۇرۇن ئىشلارنى قىلغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا كەلگۈسىدە، يەنى ئاخىرەتتە ياكى يەنە بىر ھاياتتا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. «ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ.» ئاللاھ سىز توغرىسىدىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ، ئەمما سىز ياكى باشقا جانلىقلار بولسا ئاللاھنىڭ بىلىمىدىن ھېچ نېمىنى بىلمەيسىز. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا دەپ بەرمەيدىكەن، باشقا جانلىقلار ئاللاھنىڭ بىلىمىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز تۇرىدۇ. «سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن (سۈرە ئىسرا 85-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).» بىلىم دېگەن كۈچ، بىلىم دېگەن ھەر بىر نەرسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە بەرپا قىلالايسىز، ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايسىز، ئۇنىڭ بىلەن سىز بىر نەرسىگە ھۆكۈم قىلالايسىز. بىلىم دېگەن كۈچنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ يەردە ئاللاھ دەيدۇكى، مېنىڭ بىلىمىم مۇكەممەل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا سەندە ھېچ بىر بىلىم يوق، ھەمدە پەقەت مەن بەرگەندىلا سەن بىلىمگە ئېرىشەلەيسەن.

ئاللاھ قۇرئاندىكى 11 ئايەتتە «ئەرش» نى تىلغا ئالىدۇ. شۇنداقلا پەقەت بىرلا ئايەتتە «كۈرسى» نى تىلغا ئالىدۇ. بىزنىڭ كۈرسى ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز شۇكى، ئۇ ئاللاھ ياراتقان سەلتەنەتلىك نەرسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ دېيىشىچە سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەرسە كۈرسى ئىكەن. بىز ئادەتتە «دۇنيا» دەيمىز، ئەمما «كۈرسى» دۇنيادىنمۇ

چوڭراق بىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئاللاھ ھەرگىزمۇ ھېرىپ قالمايدۇ. ئۇ بارلىق جانلىقلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىمۇ، ئازراقمۇ ھېرىپ قالمايدۇ. مەن ئىچىدىغان سۇ، سىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋا قاتارلىق ھەممە نەرسىنى ئاللاھ بىز ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن.

«ئاللاھ ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى ئاللاھ ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)» سۈرە رەھمان 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.» ئاللاھ ھەر كۈنى ھەممە جانلىقلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. يەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن، دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان. بىر قېتىم بىرەيلەن ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن سورايدۇ: «ئاللاھ قانداق قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ھەممە جانلىقلارغا تەڭلا سۆزلىيەلەيدۇ؟» بۇ يەردىكى «ئاللاھ بىرلا ۋاقىتتا ھەممە جانلىقلارغا تەڭلا سۆزلىيەلەيدۇ» دېگەن سۆز قۇرئاندىكى سۆز بولۇپ، ھەزرىتى ئىبنى ئابباس بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئاللاھ بۇ دۇنيادا ھەممە جانلىقلاردىن قانداق ئۇسۇل بىلەن خەۋەر ئېلىۋاتقان بولسا، ئۇلارغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تەڭلا سۆزلىيەلەيدۇ.»

«ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۈلۈغدۇر.» «ئەل-ئەلى» بىلەن «ئەل-ئەزىم» (مەرتىۋىلىك بىلەن ئۇلۇغ) ئاللاھنىڭ ئاتىلىشى ئىچىدىكى ئىككى ئالىيجانابلىق ئاتىلىشى، ئىككى ئومۇمىيۈزلۈك ئاتىلىشىدۇر. ئاللاھنىڭ ئاتىلىشى ئاز دېگەندە 5 كاتېگورىيەگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «مەرتىۋىلىك» بىلەن «ئۇلۇغ» دېگەن ئاتىلىشلىرى ئوخشاش كاتېگورىيەگە كىرىدۇ، ھەمدە ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالىيجاناب (majestic) ۋە كەڭ مەنىلىك (broad meaning) ئاتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى «ئالىيجاناب» (exalted) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان» دىن ئىبارەتتۇر. «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن (سۈرە ئەئلا 1-ئايەت).»

مۇشۇ بىر ئايەتنىڭ ئىچىدىلا ئاللاھنىڭ 20 خىلدىن ئارتۇق ئاتىلىشلىرى بار بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئايەت قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئايەت باشتىن-ئاخىر ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئالا ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئايەت قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئېسىگە شۇنى سېلىپ قويىمەنكى، بىز ھەممىمىز بۇ ئايەتنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، يادلىۋېلىشىمىز، ھەمدە ئۇنى ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتىكى نامازدىن كېيىن چوقۇم ئوقۇشىمىز كېرەك.

## 5. ئاخىرقى سۆز

ئامېرىكىدىكى «خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ «خارۋارد گېزىتى» (Harvard Gazette) دەپ ئاتىلىدىغان گېزىتىگە 2014-يىلى 12-ماي كۈنى «رەڭگارەڭ ئېتىقادلار ئارىسىغا كۆۋرۈك سېلىش» دېگەن تېمىدا بىر خەۋەر بېسىلدى. تۆۋەندە بىز ئاشۇ خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى قىسقارتىپ تونۇشتۇرىمىز.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئامېرىكا سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «خۇچىنس (Hutchins) ئافرىقىلىق ۋە ئافرىقىلىق ئامېرىكىلىقلار تەتقىقات مەركىزى»، ۋە «جورج ۋاشىنگتون دىنىي ئەركىنلىك ئىنستىتۇتى» بىرلىكتە، 2014-يىلى 1-ماي كۈنى

بىر 90 مىنۇتلۇق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىندا «ئۈچ نەپەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئامېرىكىلىق لىدېرلار» ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان ئېتىقادلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە دىئالوگ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ 3 نەپەر لىدېر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

--يەھۇدىيلارنىڭ نيۇ يورك شەھەرلىك مەركىزى چېركاۋى (Synagogue) نىڭ ئالىي دەرىجىلىك رابىبىسى ئانگېلا بۇچدال (Angela W. Buchdahl، ماقالىدا دېيىلىشىچە بۇ خانىمنىڭ دادىسى يەھۇدىي، ئانىسى كورىيەلىك ئىكەن)

--ئەل-مەغرىب ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شەيخ ياسىر قازى

--دىنىي ئەركىنلىكنىڭ باپتىست بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى-قول دىرېكتورى، پوپ برەنت ۋالكېر

بۇ يىغىندا ياسىر قازى مۇنداق دېدى: 11-سېنتەبىر ۋەقەسى باشقا ھەر قانداق نەرسىگە قارىغاندا ئامېرىكىلىق مۇسۇلمانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتتى. «ئامېرىكىلىق بولۇش دېگەنلىك ئۆز ھوقۇقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قوبۇل قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىشىش دېگەنلىكتۇر. بىز 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى بۆگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئېلىشىۋاتقان بولۇپ، بىز چوقۇم ئۆزىمىز ئۈچۈن لايىق بولغان بىر ئورۇننى ئېرىشىمىز.»

بۇ يىغىندا سورالغان سوئاللارنىڭ بىرى «رەڭگارەڭ دىنىي ئېتىقادلار ۋە دىنسىز گۇرۇپپىلار ئارىسىغا كۆۋرۈك سېلىش ئىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىسىلەر؟» دىن ئىبارەت بولدى.

بۇ سوئالغا ۋالكېر مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ئەڭ مۇھىم ئىش ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش، بولۇپمۇ دىنىي جەھەتتىكى پەرقلەرگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق مەنپەئەت ئورتاقلىقىغا ئىگە ساھەلەرنى تېپىپ چىقىشتۇر. «بىزنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز بىزدىن ھەممە مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ ( We don't need to agree on everything to work together).»

بىزنىڭ مەركۇر تېمىغا يۇقىرىدىكى مەزمۇننى قوشۇپ قويۇشىمىزدىكى مەقسىتىمىز، قېرىنداشلارغا مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر: «بىزنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز بىزدىن ھەممە مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ.»

يۇقىرىدا بۇ سۆزنى بىر خرىستىئان لىدېر دېگەن. ئۇ بۇ سۆزنى باشقا بىر يەھۇدىي لىدېر بىلەن باشقا بىر مۇسۇلمان لىدېرغا قاراپ تۇرۇپ، ھەممە ھەر خىل دىندارلاردىن، دىنسىزلاردىن، ۋە كۆپ خىل مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر توپ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا دېگەن. بىز ئوخشاش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ھەممە ئوخشاش بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەممە شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Ramadan Reminder Day 3 - Ayat ul-Qursi - The Greatest verse in the Qur'an by Yasir Qadhi | July 2012
https://www.youtube.com/watch?v=HuMhO6A9hPQ

**[2] Building bridges among diverse faiths**

**http://news.harvard.edu/gazette/story/2014/05/we-dont-need-to-agree-on-everything-to-work-together/**



**1-رەسىم: خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا دىئالوگ ئېلىپ بارغان «ئۈچ نەپەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئامېرىكىلىق لىدېرلار»**

# ئىسرا-مىئراج ۋەقەسى ۋە كۆپ كائىنات پەرەزلىرى

**2014-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنى**

**(بۇ ماقالىنى دوكتور ئاسپىرانت ئابدۇراخمان جامال كاشغەرى ئەزھەرى ئەپەندى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەن)**

**قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر (65:12)» [1].**

**قۇرئاندا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (17:44)»**

**قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ئۆلگەن ئادەملەر ياكى جەننەتكە ۋە ياكى دوزاخقا بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. يەنى، ئاخىرەتتە «جەننەت» ۋە «دوزاخ» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاينىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما مېنىڭ پەرىزىمچە كۆپىنچە قېرىنداشلار جەننەتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ھازىر دوكتور ياسىر قازىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسساالامنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىدىغان سىيرەت (Seerah) لېكسىيلىرىنى ئاڭلاۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆز لېكسىيسىنىڭ 20-، 21- ۋە 22-قىسىملىرىدا جەننەتنىڭ ئورنى ھەققىدە توختالدى [2-4]. مەن مەزكۇر يازمىدا ياسىر قازىنىڭ لېكسىيسىنىڭ جەننەتنىڭ ئورنى ھەققىدىكى مەزمۇنى ۋە مەن ئۆزۈم كۆرگەن كائىناتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى بەزى ئىلمىي پەرەزلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.**

**ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيسىدىن ھازىرغىچە تەخمىنەن 90 قىسمى سۆزلەنگەن بولۇپ، ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە بۇ لېكسىيدىن يەنە 30 قىسىمدەك بار ئىكەن. ئادەتتە ھەر بىر لېكسىينىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا بولۇپ، ياسىر قازى بۇ لېكسىيلەرنى ھازىر ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئەل-مەغرىب ئىنستىتۇتى [5] دا سۆزلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ سىن ھۆججىتىنى يۇتيۇب (YouTube) ئارقىلىق تورلارغا چىقىرىپ قويىدىكەن.**

**ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيسى 20-قىسمىنىڭ تېمىسى «كېچىلىك سەپەر ۋە كۆككە چىقىش – بىرىنچى قىسىم» (ئىسرا ۋە مىئراج ۋەقەسى) بولۇپ، ئۇ يۇتيۇبتا 2012-يىلى 8-ئاۋغۇست كۈنى ئېلان قىلىنغان ئىكەن. مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرۇلىدىغىنى ئاشۇ 3 قىسىملىق لېكسىينىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ لېكسىيلەرنىڭ تېمىسى ئىنگلىزچە «Al Isra'a and Al-M'iraaj incident» دەپ**

ئاتىلىدىكەن. ئالدىنقى بىر قىسىم لېكسىيىلەردە ياسىر قازى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى يېڭى باشلىغان مەزگىللەردە دۇچ كەلگەن قاتمۇ-قات قارشىلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە ئاشۇ مەزگىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ جاپالىق ھەمدە ئەڭ كۆپ يوقىتىشقا ئۇچرىغان مەزگىلگە توغرا كېلىدىكەن. ئاللاھ ئادەتتە بىر ئادەمنى ئەڭ قىيىن ئىشلار بىلەن سىناپ، ئۇنداق سىناشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئەڭ ياخشى ئىشلار بىلەن مۇكاپاتلايدىغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆككە چىقىش ۋەقەسى ياكى «ئەل-ئىسرا ۋە ئەل-مىئراج ۋەقەسى» (The incident of Al Isra'a and Al-M'iraaj) ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلانغان چاغلىرىنىڭ بىرى، ياكى ئاللاھدىن ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

ياسىر قازى بۇ لېكسىيىلەرنى قۇرئاندىكى مەزمۇنلار، تەسۋىرلەر، ۋە كۆچلۈك ھەدىسلەرگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققان.

ئىنگلىزچىدا جەننەتنى «Jannah» ۋە «Paradise» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، خرىستىئان دىنىدىكىلەر ئۇنى «heaven» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە سۆزلىنىدىغان رىۋايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرىشتە جىبرىئىل بىلەن بىللە 7 قات ئاسمان ياكى 7 قەۋەت كۆكنىڭ ئۈستىگە چىققان بولۇپ، ياسىر قازى بۇ يەردىكى «ئاسمان» ۋە «كۆك» دېگەن سۆز ئۈچۈن ئىنگلىزچە «heaven» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى. يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتنىڭ ئىنگلىزچىسىدىمۇ «heaven» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. يۇلغۇن تور لۇغىتىدە «heaven» دېگەن ئىنگلىزچە سۆز «ئاسمان، كۆك، پەلەك، خۇشاللىق، گۈزەل جاي، جەننەت، بېھىش» دەپ ئىزاھلانغان. ياسىر قازىنىڭ دېيىشىچە بۇ يەردىكى «heaven» بىلەن جەننەت باشقا-باشقا ئورۇننى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر لېكسىيىدە «جەننەت» نىڭ «heaven» نىڭ قەيىرىگە جايلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، بۇ يەردىكى مەزمۇن تۆت پىرىم سائەتلىك لېكسىيىدىن زور دەرىجىدە قىسقارتىپ ئېلىندى. مەن ئىنگلىزچە بىلىدىغان قېرىنداشلارغا ئەسلىدىكى 3 قىسىملىق لېكسىيىنى بىر قېتىم تولۇق ئاڭلاپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## 1. ئەل-ئىسرا ۋە ئەل-مىئراج ۋەقەسى

«ئەل-ئىسرا ۋە ئەل-مىئراج ۋەقەسى» نى ئاللاھ قۇرئاننىڭ ئىككى يېرىدە تىلغا ئالىدۇ. يەنى 17-سۈرىدە «ئىسرا» نى، 53-سۈرىدە بولسا «مىئراج» نى تىلغا ئالىدۇ. «ئەل-ئىسرا» نىڭ مەنىسى «ئاخشىمى يۈز بەرگەن سەپەر» بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن يېرۇسالېمغا (بەيتۇلمەقدىس-پەلەستىنگە) بارغان بىر قېتىملىق كېچىلىك سەپەرگە قارىتىلغان. «ئەل-مىئراج» نىڭ مەنىسى بولسا «كۆككە كۆتۈرۈلۈش مېخانىزمى» بولۇپ، ئۇ ئاللاھ ياراتقان بىر تۈرلۈك ئىلاھىي مېخانىزمنى، يەنى بىر ئادەمنى يەر يۈزىدىن كۆككە چىقىرىدىغان مېخانىزمنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە «ئەل-مىئراج» نىڭ سۆز مەنىسى كۆككە چىقىرىش مېخانىزمى ياكى قورالى بولسىمۇ، بىز ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆككە چىقىش ۋەقەسىنىڭ ئۆزى، دەپ چۈشىنىمىز. قىسقىسى، «ئەل-ئىسرا» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن يېرۇسالېمغىچە بولغان سەپىرىنى، «ئەل-مىئراج» بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېرۇسالېمدىن كۆككە چىقىش ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا «ئىسرا» ئۇچۇن بىر پۈتۈن سۈرىنى ئاجراتقان بولۇپ، ئۇ سۈرە «سۈرەتۇل ئىسرا» (17-سۈرە)، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ 1-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. (17:1)»

ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەت قىلغان بىر كۈچلۈك ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، «ئەل-ئىسرا ۋە ئەل-مىئراج ۋەقەسى» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئايالى خەدىچە ( Khadijah bint Khuwaylid) 619-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنى مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى بىر يېرىم يىلى جەريانىدا يۈز بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى خەدىچە بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى (دادىسىنىڭ ئىنىسى) ئەبۇ تالىپ 619-يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بۇ يىل «قايغۇ-ھەسرەتلىك بىر يىل» (the year of sorrow) دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 7 قات ئاسمانغا چىقىشى

ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى پەرىشتە جىبرىئىل كېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قاچا (utensil) دا ئىككى خىل ئىچىملىكنى سۇنۇپ، «ئۈممەتلىرىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن بىرىنى تاللاڭ» دەيدۇ. بىر قاچىدىكىسى ھايۋانلار سۈتى، يەنە بىر قاچىدىكىسى بولسا ئۈزۈم ھارىقى (wine) بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈتنى تاللايدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرىشتە جىبرىئىل بىلەن بىللە بىر بۇراق (دۇلدۇل) (Buraq, winged steed) قا منىپ، مەككىدىكى مەسجىت ھەرامدىن يېرۇسالېمدىكى مەسجىت ئەقساغا كېلىدۇ. بۇراقنىڭ مېڭىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئۇ ھەر بىر تاقلىشىدا ئىنساننىڭ كۆزى يەتكۈدەك ئارىلىقتا ماڭىدىكەن. يەنى، ھاۋا سۈزۈك كۈنلىرى ئادەم بىر قانچە ئون كىلومېتىر ئارىلىقنى كۆرەلەيدىغان بولغاچقا، بۇراق ھەر بىر تاقلىشىدا بىر قانچە ئون كىلومېتىر ئارىلىقتا يۈرۈيدىكەن. مەككىدىن يېرۇسالېمغا بېرىش ئۈچۈن تۆگە بىلەن ماڭغاندا بىر ئاي ۋاقىت كېتىدىكەن. ئەمما، بۇ يەردە بايان قىلىنىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بىر كېچىدە يۈز بېرىدۇ. بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىكى ئۆيىدىكى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئويغىتىپ، ئىككىسى ئۆيىدىن ھەرەمگە، ھەرەمدىن يېرۇسالېمغا بېرىپ، ۋە يېرۇسالېمدىن 7 قات ئاسمانغا چىقىپ، ئۇ يەردە ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ، 7 قات ئاسماندىن يېرۇسالېمغا قايتىپ چۈشۈپ، ئاندىن يېرۇسالېمدىن مەككىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۆزى ياتقان كۆرپە تېخىچە ئىسسىق تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئىلاۋە: قېرىنداشلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئىلىم-پەن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، چوڭ پارتلاش يۈز بېرىپ، كائىنات ۋۇجۇتقا كەلگىلى ھازىر 13.7 مىليارد يىل بولدى. شۇڭلاشقا كائىناتنىڭ دىيامېتىرى ھازىر تەخمىنەن 28 مىليارد نۇر يىلى كېلىدۇ. يەنى، ئەگەر بىز مۇشۇ كائىناتنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقماقچى بولۇپ، نۇر تېزلىكىدە ماڭساقمۇ، ئۇنىڭدىن چىقىپ بولۇشقا 14 مىليارد يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. ئاشۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر ماقالىدە تونۇشتۇرۇلىدىغان ۋەقەلەرنى بىز

بىلىدىغان فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ياسىر قازى ناھايىتى قاتتىق تەكىتلەيدىغان بىر ئىش شۇكى، ئىنسانلار ئاخىرەتتىكى، ياكى يەنە بىر دۇنيادىكى غەيبى (مېتافىزىكا) ئىشلارنى ئىنسانلارغا مەلۇم بولغان فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر بىلەن چۈشىنىشكە ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىنسانلار ئاللاھ بەرگەن ئەقىل بىلەن ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى، شۇنداقلا يەنە بىر دۇنيادىكى ھېچ قانداق غەيبى ئىشلارنى چۈشىنەلمەيدۇ. مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندا، مەن قېرىنداشلارنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى ئەستە داۋاملىق چىڭ ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېرۇسالېمغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇراقنى بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەرىشتە جىبرىئىل ئۇنى 7 قات ئاسمان (seven heaven) غا قاراپ ئېلىپ ماڭىدۇ. مانا بۇ «مىئراج» نىڭ باشلىنىشىدۇر.

**ئىلاۋە:** بەزى مەنبەلەردە دېيىلىشىچە [6]، مەسچىت ئەقساغا يانداش كەلگەن «تاش گۈمبەز» (Dome of the Rock) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆككە قاراپ كۆتۈرۈلگەن جاي ئىكەن.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆككە قاراپ مېڭىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن بىرىنچى قەۋەت ئاسماننىڭ ئىشىكىگە كېلىدۇ. جىبرىئىل بۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىغا ئىجازەت سورايدۇ. ئىشىكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىر ئىشىك باققۇچى «سىز كىم؟» دەپ سورايدۇ. جىبرىئىل «مەن جىبرىئىل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىشىك باققۇچى «سىز بىلەن كەلگەن باشقا بىرى بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جىبرىئىل «بار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن بىللە كەلدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىشىك باققۇچى «ئۇنى ئاللاھ ماڭدۇرغانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جىبرىئىل «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئېچىلىدۇ. دېمەك، بىز بۇنىڭدىن ھەر بىر قات ئاسماندا بىردىن ئىشىك بارلىقىنى، ئۇ ئىشىكنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ياسالغان قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنى بىر ئىشىك باققۇچى بېقىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەممە ئۇنىڭدىن پەقەت ئاللاھ ئىجازەت قىلغان ئادەم ۋە پەرىشتىلەرلا ئۆتەلەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

يەنى، يەتتە قات ئاسماننىڭ ھەممىسىدە ئىشىك باققۇچىلار جىبرىئىلدىن مۇنداق ئوخشاش 3 سوئالنى سورايدۇ:

--سىز كىم؟

--سىز بىلەن كەلگەن باشقا بىرى بارمۇ؟

--ئۇنىڭغا ئاللاھ ئىجازەت بەرگەنمۇ؟

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ سوئاللارغا يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشىكلەر ئېچىلىدۇ.

«يەتتە قات ئاسمان بىلەن زېمىن» ئەرەبچىدە «ساماۋات» ۋە «ساما» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەر شارى، كائىنات ۋە كائىناتتىكى يۇلتۇز قاتارلىق ئاللاھ ياراتقان ھەممە جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرغۇن كىشىلەر «ئاسمان» (heaven) بىلەن «جەننەت» نى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا «ئاللاھ بىرى يەنە بىرسىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان يەتتە قەۋەت ساماۋاتنى ياراتتى» دەيدۇ.

دېمەك، ساماۋات دېگىنىمىز بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى فىزىكىلىق ئاسمان ياكى ساماۋات (heaven) لاردىن ئىبارەتتۇر. كائىناتتا بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان پۈتۈن كائىنات، ئۇنىڭدىكى نەچچە يۈز مىليارد يۇلتۇزلار توپلىمى ياكى گالاكسىلار، ۋە ئاشۇ گالاكسىلاردىكى بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى «بىرىنچى قەۋەتتىكى ساماۋات» قا تەۋەدۇر (ئەسكەرتىش: بۇ ياسىر قازىنىڭ شەخسي كۆز قارىشى ئىكەن). يەنى، ئۇ قۇرئاندا «دۇنيا» دەپ ئېلىنغان جاي بولۇپ، ئۇ 7 قات ساماۋاتنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قەۋىتىگە جايلاشقان. بۇ ساماۋاتنىڭ ئۈستىدە يەنە 6 قات ساماۋات بار. ئىككىنچى ساماۋاتنىڭ ئۈستىدە يەنە 5 قات ساماۋات بار. بىزنىڭ بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئاللاھ قۇرئاندا «بىز ساماۋات دۇنيانى نۇرلار ۋە چىراغلار (يەنى يۇلتۇزلار) بىلەن گۈزەل قىلىپ ياراتتۇق» دەيدۇ.

ئىلاۋە: «ساما» بىلەن «ساماۋات» دېگەن سۆزلەر قۇرئاندا 300 قېتىمدىن كۆپرەك جايدا ئۇچرايدۇ [7].

## 3. جەننەت قەيەرگە جايلاشقان؟

ئۇنداقتا «جەننەت» دېگەن نېمە؟ جەننەت ئاللاھقا ئىشەنگۈچىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جاي بولۇپ، ئۇ ئاسماندىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنداقتا جەننەت قەيەرگە جايلاشقان؟ بۇ ھەقتە ھازىر ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. ئۇنىڭ بىرى، جەننەتنىڭ ھەممىسى 7-قەۋەتتىكى ئاسماننىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، دەپ قارايدۇ. يەنى، جەننەتمۇ يۈزلىگەن ۋە مىڭلىغان قەۋەتلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى 7-قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. ئىككىنچى كۆز قاراشتىكىلەر جەننەت 6-قەۋەتتىكى ئاسماندىن باشلىنىپ،7-قەۋەتتىكى ئاسماننىڭ ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى خىل كۆز-قاراشلارنىڭ ئۆز-ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم دەلىللىرى بار. قىسقىسى، جەننەت ساماۋاتنىڭ ئۈستىدە، ئاللاھ تۇرىدىغان ئەرش بولسا بارلىق جەننەتلەرنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، بىز ھەدىسلەردىن مۇشۇنداق بىر ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز.

## 4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇچرىششى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاشۇ قېتىم كۆككە چىقىپ، بىرىنچى ئىشىكتىن ئۆتكەندە بىر يوغان ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرىدۇ. جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «بۇ سىزنىڭ ئادەم ئاتىڭىز. ئۇنىڭغا سالام بېرىڭ» دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا «ئۇلۇغ ئوغلۇم، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىم، سىزنى قارشى ئالىمەن» (Welcome, Oh noble son and Oh noble prophet!) دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 2-قەۋەتتىكى سامانىڭ ئىشىكىدىن ئۆتكەندە يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ۋەقەلەر ھەدىس بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىر ئىنتايىن ئۇزۇن رىۋايەتتۇر. ئىككىنچى قەۋەتتە مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئۇچرىتىدۇ. جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «بۇلار يەھيا بىلەن ئەيسا. ئۇلارغا سالام بېرىڭ» دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «ئەسسالامۇ

ئەلەيكۇم!» دەيدۇ. ئۇلار بولسا «ئۇلۇغ ئۇكا، ئۇلۇغ پەيغەمبەر، سىزنى قارشى ئالىمىز!» (Welcome, Oh noble brother and Oh noble prophet!) دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

3ـقەۋەتتىكى سامادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئۇچرىتىدۇ. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئۇلۇغ ئۇكا، ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەر» دەپ چاقىرىدۇ. مۇشۇ قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن كىشىلەر بىلىدىغان، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى مۇنداق بىر داڭلىق سۆزنى قىلىدۇ: «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، خۇددى دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ يېرىمى ئۇنىڭغىلا ئاتا قىلىنغاندەك ھېس قىلدىم.» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى پەقەت بىر قېتىملا كۆرگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ قېتىمدىن ئىبارەتتۇر.

4ـقەۋەتكە چىققاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىدرىسنى ئۇچرىتىپ، بۇ قېتىممۇ «ئۇلۇغ ئۇكا، ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەر» دەپ چاقىرىلىدۇ.

5ـقەۋەتتە ھارۇننى ئۇچرىتىپ، يەنىلا «ئۇلۇغ ئۇكا، ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەر» دەپ چاقىرىلىدۇ.

6ـقەۋەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇچرىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسا پەيغەمبەردىن ئايرىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەمەكچى بولغاندا، مۇسا پەيغەمبەر يىغلايدۇ. ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىغاندا، مۇسا پەيغەمبەر مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «بۇ ياش مەندىن كېيىن پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مېنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ.» بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 52 ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام 130 ياشلاردا ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇڭا مۇسا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ياش» (غۇلام) دەپ ئاتايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر خىل ھەسەتخورلۇق چىقىپ تۇرسىمۇ، بۇ بىر خىل دوستانە ياكى ياخشى ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەتتۇر.

7ـقەۋەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم (Ibrahim) ئەلەيھىسسالامنى كۆرىدۇ. ھەمدە جىبرىئىل ئۇنىڭغا «بۇ ئىبراھىم ئاتىڭىز. ئۇنىڭغا سالام بېرىڭ» دەيدۇ. سالامدىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزگە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 1ـقەۋەت بىلەن 7ـقەۋەتتە ئوخشاش سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ.

بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، يۇقىرىدىكى ئۇچرىشىشنىڭ ھېچ قايسىسى جەننەتتە يۈز بەرگەن ئەمەس. يەنى، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھېچ كىم جەننەتتە تۇرۇپ باقمىغان بولۇپ، زامان ئاخىرى بولمىغۇچە ھېچ كىم جەننەتكە كىرمەيدۇ. زامان ئاخىرى بولغۇچە ياكى قىيامەت كۈنىگىچە بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ گۆرىدە ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، قۇرئاندا دېيىلىشىچە ئاللاھ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا ئۆزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغان. شۇڭلاشقا بۇ قېتىم ئەيسا پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ يېنىدىن كېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئالغان. ئەيسا پەيغەمبەر ھازىرقى جايىدىن زامان ئاخىرى بولغاندا يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ، مەسىھ دەججالنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ.

ئاللاھ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش دەرىجىلىك ئورۇنغا كۆتۈرگەن پەيغەمبەرلەردىن پەقەت ئىككىسىلا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، يەنە بىرى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم پەيغەمبەرنى كۆرگەندە، ئۇ ئەلبەيتۇل-مامۇر

(al-Baytul-Ma’mur) غا دۇمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان. ئاللاھ قۇرئاندا ئەلبەيتۇل-مامۇرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ توغرۇلۇق پەقەت بىرلا ھەدىس بار. بۇ ھەدىسنىڭ بىر قانچە نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە دېيىلىشىچە، ئەلبەيتۇل-مامۇر كەبىنىڭ ساماۋاتتىكى نۇسخىسى ئىكەن. ئۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىدا دېيىلىشىچە، ئەلبەيتۇل-مامۇر دەل كەبىنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۇ ساماۋاتتىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئۇ چوقۇم كەبىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىكەن. ئاللاھ بارلىق يارىتىلغۇچىلارنى ياراتقان كۈندىن، يەنى زامان بېشىدىن باشلاپ ھەر كۈنى 70000 پەرىشتىلەر ئەلبەيتۇل-مامۇرغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. ھەمدە بىر قېتىم ئۇنىڭغا كىرىپ باققان پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قايتا كىرمەيدىكەن. بۇنىڭدىن پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى كەبىنى ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساماۋاتقا چىققاندا ئەلبەيتۇل-مامۇردا تۇرۇشى ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئەلبەيتۇل-مامۇر بىلەن بىر ئالاھىدە مۇناسىۋەتتە بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مۇشۇ قېتىملىق سەپەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەننەت بىلەن دوزاخنىمۇ كۆرىدۇ. دىنىي زىيالىيلار ھەدىسلەردىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتنى كۆرۈشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل يەكۈن چىقارغان. ئۇنىڭ بىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەننەتكە بىر قېتىم كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ، ئاندىن يېنىپ چىققان. يەنە بىرى بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرمەي، ئۇنى سىرتتىن كۆزەتكەن. ئەقىدىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بۇ ئىككى يەكۈننىڭ ھەر ئىككىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. يەنى، 1-خىل ئەھۋالدا، ئادەتتە جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۇ يەردىن يېنىپ چىقمايدىغان بولسىمۇ، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ جەننەتكە بىر قېتىم كىرىپ، ئاندىن يېنىپ چىقىشىغا يول قويىغان بولۇشى مۇمكىن. 2-خىل ئەھۋال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان، دوزاختا كۆرگەن ئىشلىرى ۋە ۋەقەلىرى بىلەن بىردەكتۇر. يەنى ئۇ دوزاخقا كىرمەي، دوزاختا بولۇۋاتقان ئىشلارنى سىرتتىن كۆزەتكەن.

شۇ قېتىم ئاللاھتىن ئۇنىڭغا بىر ئەمرىمەرۇپ ياكى بۇيرۇق بىۋاستە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ ناماز توغرىسىدىكى ۋەھيىدۇر. يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن باشقا بارلىق ۋەھيىلەر ئۇنىڭغا ئاللاھتىن بىۋاستە چۈشكەن ئەمەس بولۇپ، پەقەت ناماز توغرىسىدىكى بىرلا ۋەھيىنى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىۋاستە يەتكۈزگەن. شۇ قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرەپكە بىر قېتىم قارىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر ئىنتايىن كۈچلۈك نۇرنىلا كۆرەلىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېيىن يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قۇرەيشنىڭ ئادەملىرىگە دەپ بېرىشىچە، ئاللاھ بىر پەردە ئارقىسىدا (veil) خىتاب قىلغان. يەنى ئاللاھ بىر خىل نۇر بولۇپ، بىز ئۇ نۇرنىڭ قانداق نۇر ئىكەنلىكىنى سوراشقا ھەقلىق ئەمەسمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ قېتىم ئاللاھ تەرەپكە قارىغاندا كۆرگەن كۈچلۈك نۇر ئاللاھ ئۆزىنى پەردىلىگەن پەردە ئارقىسىدىن چىققانىكەن. قىسقىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاللاھ بىلەن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ۋەھيي قوبۇل قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىلغا بېرىلمىگەن يۇقىرى ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ قېشىغىچە بېرىپ باققان. بۇ ھەقتە قۇرئاندىكى 53-سۈرە 12-18-ئايەتلەردە بىر قىسىم مەزمۇنلار بار.

ئاللاھ بىلەن ئۇچرىششتىن بۇرۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، شۇ قېتىم پەيغەمبىرىمىز جىبرىئىلنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى

ئىككىنچى قېتىم كۆرىدۇ.

«ئىسرا ۋە مىئراج ۋەقەسى» قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، ھەمدە 40-50 ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ھەققىي مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقەدىن گۇمانلانمايدۇ.

ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ، جەننەت بىلەن دوزاخنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېرۇسالېمغا يېنىپ چۈشىدۇ. ئاندىن ھېلىقى تۇۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان بۇراقنى يېشىپ، ئۇنىڭغا مىنىپ، مەككىگە قايتىپ كېلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساماۋاتتىن قايتىپ چۈشۈش جەريانىدىكى ۋەقەلەر ئاساسەن رىۋايەت سۆپىتىدە خاتىرىلەنمىگەن.

## 5. كۆپ سانلىق كائىنات ھەققىدىكى ئاسترونومىيە بىلىملىرى

بىزنىڭ باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ نەزەرىيە فىزىكا ئالىمى، دوكتور سىن كارول (Sean Carroll) 2010- ۋە 2011-يىللىرى بىزنىڭ ئىدارىمىز JPL غا كېلىپ، ئىككى قېتىم ئىلمىي دوكلات بەردى (1-رەسىمگە قاراڭ). ئۇ دوكلاتلارنىڭ تېمىسى «ۋاقىت ئىستىرېلكىسى» بولۇپ، بۇ نەزەرىيىنى سىن كارول ئۆزى كەشىپ قىلغان ئىكەن. مەن ئاشۇ دوكلاتتا تۇنجى قېتىم «كۆپ سانلىق كائىنات پەرىزى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىدىم. كېيىن تورلارنى ئىزدەپ كۆرۈپ، «كۆپ سانلىق كائىنات نەزەرىيىسى» نەزەرىيىۋى فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە ئىلىملىرىدىكى بىر چوڭ ساھە بولۇپ، ئۇ ھەقتە يېزىلغان خېلى كۆپ ئىنگلىزچە كىتابلارمۇ بارلىقىنى بايقىدىم. ئۇ كىتابلارنى يازغان ۋە بۇ خىل نەزەرىيە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلار بولماستىن، بەلكى ستىۋېن خاۋكىڭ (Stephen Hawking) غا ئوخشاش دۇنياغا تونۇلغان كەسىپ ئەھلىلىرى، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار ئىكەن. مەن بۇ قېتىم ياسىر قازى لېكسىيىسىدىكى 7 قات ساماۋات ۋە جەننەتنىڭ ئورنى ھەققىدىكى مەزمۇننى ئاڭلىغان ھامان ئېسىمگە «كۆپ سانلىق كائىنات نەزەرىيىسى» كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلارغا بۇ ھەقتە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، مەزكۇر يازمىنى تەييارلىدىم.

«كۆپ سانلىق كائىنات نەزەرىيىسى» بىر چوڭ ھەم مۇرەككەپ ئىلمىي ساھە بولۇپ، كائىنات نەزەرىيىسى، فىزىكا، ئاسترونومىيە، دىن، پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە توقۇلما ھېكايە ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆپ سانلىق كائىنات پەرەزلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ.

كۆپ سانلىق كائىنات ئىنگلىزچە قىسقارتىلىپ «multiverse» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەر پەرەز قىلغان چەكسىز ياكى چەكلىك ساندىكى مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بار بولغان كائىناتلارنى كۆرسىتىدۇ. «كائىنات» دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچىدا «universe» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىدىكى «ئۇنىۋېرسال» دېگەن سۆز ئىنگلىزچىدىكى «universal» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى «uni» دېگەن سۆز بوغۇمى ئىنگلىزچىدا «بىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئىنگلىزچە «multi» دېگەن سۆز بولسا «كۆپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، ئىنگلىزچىدىكى «universe» دېگەن سۆز «بىر كائىنات» دېگەننى بىلدۈرسە، «multiverse» دېگەن سۆز «كۆپ كائىنات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ «كۆپ كائىناتلار» نىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەرنى، يەنى بوشلۇق، ۋاقىت، ماددا، ئېنېرگىيە، فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر، ۋە فىزىكىلىق تۇراقلىق قىممەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپ كائىناتنىڭ ئىچىدىكى ھەر

خىل كائىناتلار بەزىدە «پاراللېل كائىناتلار» (parallel universe) دەپ ئاتىلىدۇ.

مەن «پاراللېل كائىناتلار» چۈشەنچىسى ياسىر قازى چۈشەندۈرگەن قۇرئاندىكى 7 قات ساماۋات ئۇقۇمى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانىدەك ھېس قىلدىم. بۇگۈن تورنى ئىزدەپ، تورلاردا كۆپ كائىناتلارنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر رەسىمدە ، «ماغزاپ كائىناتلار» (Bubble Universes) ئۇقۇمى بىر پارچە 7 قات پاراللېل كائىناتلارنىڭ رەسىمى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈپتۇ. مەن ئۇ رەسىمنى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا «2-رەسىم» قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم. بۇ رەسىمنىڭ ياسىر قازى لېكسىيىسىدىكى 7 قات ساماۋات ئۇقۇمى بىلەن بولغان بىر پەرقى، بۇ رەسىمدە بىز ھازىر ياشاۋاتقان كائىنات ئەڭ ئۈستىدە بولۇپ، ياسىر قازى لېكسىيىسىدە بولسا بىز ياشاۋاتقان كائىنات 7 قات ساماۋاتنىڭ ئەڭ ئاستىدا.

«پاراللېل كائىناتلار» پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان پرىنستون ئۇنىۋېرستېتى (Princeton University) نىڭ پروفېسسورى، كائىنات نەزەرىيىسى ئالىمى پول ستەنھارد (Paul Stainhardt) بىلەن ئەنگلىيە كەمبرىج ئۇنىۋېرستېتى (Cambridge University) پروفېسسورى نەئىل تۇروك (Neil Turok) لارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار «تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كائىناتلار» (repetitive universes) نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق (3-رەسىمگە قاراڭ) [8]:

--كائىنات پەيدا بولۇپ، يوقىلىپ، قايتا پەيدا بولۇشنى سانسىز قېتىم تەكرارلاپ تۇرىدۇ

--كۆپلىگەن كائىناتلار بىر چوڭ ھەجىمنىڭ ئىچىدىكى چەكسىزلىككە سوزۇلغان يالتىراقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىر يالتىراق بىر كائىناتنى تەشكىل قىلىدۇ

--نېپىز قەغەزلەر شامالدا بىر-بىرى بىلەن سوقۇشقانغا ئوخشاش، باشقا-باشقا 3-ئۆلچەملىك كائىناتلار بەزىدە بىر-بىرى بىلەن سوقۇشىدۇ

--ھەر بىر سوقۇشۇشتىن كېيىن ئېنېرگىيە ماددىلارنى پەيدا قىلىپ، بىزگە تونۇشلۇق بولغان بىر كائىنات، يەنى گالاكسى، يۇلتۇز ۋە پلانېتلار بارلىققا كېلىدۇ

--بۇ خىل ئەھۋال تەخمىنەن ھەر بىر ترىلىيون يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىدۇ (مۇشۇ پەرەز توغرا بولسا، بىزنىڭ كائىناتنىڭ يەنە 99.9 پىرسەنت ئۆمرى بار بولىدۇ)

--بۇنداق چوڭ پارتىلاش ۋاقىت بىلەن بوشلۇقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولمايدۇ.

سىن كارول مۇنداق دەيدۇ (1-رەسىم) [10]: بوشلۇقنىڭ يۆنىلىشى يوق بولۇپ، ۋاقىتنىڭ يۆنىلىشى بار بولىدۇ. كائىنات يېڭى بارلىققا كەلگەندە، ئۇنىڭ تەكشىلىگى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىمۇ ئۆسۈپ مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرى بىر خىل «تەڭپۇڭلۇق» ھالەتكە كەلگەن. يېڭى بارلىققا كەلگەن كائىنات بىر «يەل ئۇرۇلغان شار» دەك تېز چوڭىيىش (inflation) باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. «قاراڭغۇ ئېنېرگىيە» گە ئىگە بولغان بوشلۇقتا ئاشۇنداق «چوڭىيىش» يۈز بېرىپ، كۆپلىگەن يېڭى كائىناتلار بەرپا بولۇشى مۇمكىن. بۇ كائىناتلارنىڭ بەزىلىرى كىچىكلەپ، قارا-ئۆڭكۈرگە ئايلىنىپ، تۈزۈپ كېتىدۇ. قالغانلىرى بولسا مەڭگۈ كېڭىيىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى «بوشلۇق» ھاسىل قىلىپ، يېڭى كائىناتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان شارائىتنى ھازىرلايدۇ. بىزنىڭكىگە ئىدىن باشقا چوڭ-پارتىلاشلارمۇ يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتى بىزنىڭكىگە قارىمۇ-قارشى يۆنىلىشكە ماڭغان بولىشىمۇ مۇمكىن. كائىناتلار بۇرۇندىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان،

بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

خۇددى كۆپ كائىناتلار پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولغىنىدەك، ئۇ پەرەزلەرنى رەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ پەرەزلەرنىڭ بەزى ئالىملىرى ھازىرغىچە ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىپ بولۇپتۇ. لېكىن، ئۇ پەرەزلەرنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرى ھازىرمۇ تېخى بىر تەتقىقات باسقۇچىدا ئىكەن.

مەن بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىغا بۇ قېتىم توردىن تاپقان، كۆپ كائىناتلار پەرىزىگە ئائىت بىر قانچە پارچە رەسىملەرنى كىرگۈزۈپ قويدۇم.

## 6. ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر ماقالىدا ياسىر قازىنىڭ 3 قېتىملىق سىيرەت لېكسىيىسىدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن، ئىسلام دىنىدا جەننەت جايلاشقان ئورۇن ھەققىدە قانداق چۈشەنچە بارلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ھەمدە ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە بىلىملىرىدىكى كۆپ سانلىق كائىنات ھەققىدىكى ئىلمىي پەرەزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەردىم. ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيىلىرى ئىنتايىن تەپسىلىي تەييارلانغان بولۇپ، «ئىسرا ۋە مىئراج ۋەقەسى» مۇ جەمئىي 3 لېكسىيىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇ 3 لېكسىيىنىڭ جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 4 يېرىم سائەت كېلىدىكەن. ياسىر قازى ئۇنىڭدا قۇرئاندىكى «ئىسرا ۋە مىئراج ۋەقەسى» گە ئائىت ئايەتلەر، شۇنداقلا ئۇ ئۆزى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق توپلىغان ئاشۇ ئايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقىدە، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە سىيرەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. مېنىڭ مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرغىنىم ئاشۇ 3 لېكسىيىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئەگەر بىزنىڭ دىنىي زىيالىيلىرىمىز بۇرۇن مۇشۇ ماقالىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنىنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرىدىغان ماقالىلەرنى تەييارلاپ تورغا يوللىغان بولسا، ياكى كىتابچە قىلىپ تارقاتقان بولسا، بىلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ ئاشۇ ئۇچۇرلارنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇرۇنقى يازمىلىرىمنىڭ بىرىدە تورداشلاردىن قۇرئاننى ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشنىڭ ياخشى ئۇسۇل ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن ئىدىم. يېقىندا مەن ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيىلىرىنى ئاڭلاش جەريانىدا، ئاشۇنداق ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنىڭ بىرى ئالدى بىلەن ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيىسىگە ئوخشاش بىر ماتېرىيالنى ئاڭلاش ياكى ئوقۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيىسى جەمئىي 130 قىسىم بولۇپ، ھەر بىرى بىر يېرىم سائەت كېلىدىكەن. ئەگەر بىر ئادەم ئاشۇ مەزمۇنلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ تونۇشتۇرماقچى بولۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر قىسمىدىن تونۇشتۇرسىمۇ جەمئىي 3 يىلدەك ۋاقىت كېتىدىكەن. مەن ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئىش ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ ماقالىنى ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيىسى 22-قىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئابزاس سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

«ھېچ قانداق نەرسە بىكارغا كەلمەيدۇ. بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن سىز چوقۇم شۇنىڭغا چۈشلۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سىز ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ تەۋەككۈللۈك قىلسىڭىز، بىر ئىشنى ئاللاھ سىز ئۈچۈن قىلىپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىز بىر نىشاننى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىڭىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. ئاللاھ سىزگە بىرەر مۆجىزىنى ئاتا قىلغان، ياكى سىزنى بىرەر مۆجىزە بىلەن مۇكاپاتلىغان تەقدىردىمۇ، سىز ئاشۇ مۆجىزىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىڭىز يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى مىنىدىغان بۇراقنى ئۆزى جابدۇيدۇ. بۇراققا مىنىپ، يېرۇسالېمغا ئۆزى بارىدۇ. يېرۇسالېمغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بولسا بۇراقنى بىر تال تۈۋرۈككە ئۆزى باغلاپ قويىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا بىر قىسىم كىچىك ئىشلاردىمۇ ئاللاھ سىزگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى سىز ئۆزىڭىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قولغا چۈشۈرۈشىڭىز كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئەھۋال يالغۇز مۆجىزىلەر ئۈچۈنلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. سىز چوقۇم ئۆزىڭىز تىرىشىشىڭىز كېرەك. چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى مەلۇم بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاتىشىڭىز كېرەك. ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزگە پۇل كېرەك بولسا، سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىشىڭىز كېرەك. شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇنى سىزگە بېرىدۇ. ئەگەر ئاغرىپ قالسىڭىز، سىز بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشىڭىز، ھەمدە ئۇنىڭدىن دورا ئېلىشىڭىز كېرەك. شۇ چاغدا ئاللاھ سىزگە شىپالىق ئاتا قىلىدۇ. سىز ئارزۇ قىلىدىغان ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن ئاللاھ ئۇ نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ ئامالىنى ياراتقان. مۆجىزىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مۇسا پەيغەمبەر قىزىل دېڭىزنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا «سەن جىم تۇرۇپ بەر» دەپ، دېڭىزنى ئۆزى ئىككى پارچە قىلىپ بەرگەن ئەمەس. بەلكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھاسىسى بىلەن دېڭىز سۈيىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇغان، دېڭىز سۈيى شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن ئىككى پارچىغا بۆلۈنۈپ، مۇسا پەيغەمبەرگە بىر يول ئېچىلغان. قىسقىسى، ئاللاھ ھەر بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سەۋەبى ياكى ئەجرىنى يارىتىپ بەرگەن. سىز پەقەت ئاشۇ سەۋەبنى قىلغاندىلا، ياكى ئاشۇ ئەجرىنى كۆرسەتكەندىلا ئاندىن ئۇ نىشانغا يېتەلەيسىز.»

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد سالىھ. 560-بەت.

[2] Seerah of Prophet Muhammed 20 - Night Journey & Ascension to Heavens 1 - Yasir Qadhi | January 2012
https://www.youtube.com/watch?v=lNBtUF7-uhQ

[3] 2012-02-01 Seerah pt.21 - Isra wa Miraj, the night journey & ascension to Heaven 2- Yasir Qadhi
https://www.youtube.com/watch?v=T5uhfYFAJzM

[4] Seerah of Prophet Muhammed 22 - Night Journey & Ascension to Heavens 3 - Yasir Qadhi | February 2012
https://www.youtube.com/watch?v=YrotFQRti0k

[5] Al-Maghrib Institute. http://almaghrib.org/


[6] Muhammad
http://en.wikipedia.org/wiki/Muhammad

[7] Samawat: - Heavens, skies
http://islamic-dictionary.tumblr.com/post/8934075790/samawat-arabic-ard-arabic


[8] Multiverse
http://en.wikipedia.org/wiki/Multiverse

[9]
http://www.astro.uu.se/~nisse/courses/kos2010/essays/filip/cyclic_universes.pdf


[10] http://www.youtube.com/watch?v=GFMfW1jY1xE




1-رەسىم





2-رەسىم





3-رەسىم




4-رەسىم




5-رەسىم





6-رەسىم



7-رەسىم




8-رەسىم



9-رەسىم

# ئىسرا-مىئراج ۋەقەسىدە پەيغەمبىرىمىز دوزاختا كۆرگەن ئىشلار

**2014-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى**

مەن ئالدىنقى قېتىم «ئىسرا-مىئراج ۋەقەسى ۋە كۆپ كائىنات پەرەزلىرى» دېگەن ماقالىنى تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ ئىنكاس ۋە سوئاللار چۈشكەن بولۇپ، سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەزھەرى ئەپەندى بىر قانچە پارچە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر ۋە ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئىنكاسلىرى ئارقىلىق ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا جاۋاب بەردى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن ئەزھەرى ئەپەندىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ياردەملىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرىمەن – رەھمەت!

ئالدىنقى ماقالىدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 7 قات ئاسمانغا چىقىپ، قايتىپ چۈشىشىدە، دوزاختا بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئىشلارنى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى مەزمۇننى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەزى قېرىنداشلار دوزاختا بولۇۋاتقان ئۇ ئىشلارنىڭ قانداق ئىشلار ئىكەنلىكىنى سوراپ ئىنكاس يېزىپتۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ مەزمۇننى ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى بويىچە ئەينەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ مەزمۇن ياسىر قازى سىيرەت لېكسىيىلىرىنىڭ 22-قىسىمدا سۆزلەنگەن [1]. ياسىر قازى ئۆزىنىڭ «ئىسرا-مىئراج ۋەقەسى» ھەققىدىكى لېكسىيىسىنىڭ 21-قىسىمدا بىر ئاز توختالغان بىر مەزمۇن، 6-قەۋەتتىكى ئاسماندىن باشلىنىپ، 7-قەۋەتتىكى ئاسماندا ئاخىرلىشىدىغان «سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخى» بولۇپ [2]، مەن ئالدىنقى قېتىم بۇ ھەقتە توختالمىغان ئىدىم. ئۇنى مەزكۇر ماقالىگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ساماۋاتنىڭ 6- ۋە 7-قەۋەتلىرىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشتا بۇ مەزمۇن كەم بولسا بولمايدىكەن.

## 1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دوزاختا كۆرگەن ئىشلار

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھەدىسلەردە «مەن ئىسراغا بارغاندا، مۇنداق جازانى كۆردۈم»، «مەن ئىسراغا بارغاندا، ئانداق جازانى كۆردۈم» دەيدۇ. بۇ سۆزلەر بىرلا ھەدىسنىڭ ئىچىدە بولماستىن، كۆپلىگەن ھەدىسكە تارقالغان بولۇپ، مەن ئۇلارنى بىر قۇر رەتلەپ چىقتىم.

(1) بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن يېتىم بالىنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىغان بىرسى ئۈچرىغان جازانى كۆردۈم. ئۇ ئادەمنىڭ بۇرنى بىر تۆگىنىڭ بۇرنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىنتايىن سەت ئىكەن. ئۇ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن تۈزۈلگەن كۆمۈرنى يەۋېتىپتۇ. ئۇ كۆمۈرنى ئاغزىغا سالغاندا، ئۇ كۆمۈرلەر ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئۆتۈپ، ئارقىسىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ.» ئاللاھ قۇرئاندا «ئۇلار دوزاخنىڭ كۆيۈۋاتقان ئوتىنى يەۋاتىدۇ»، دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتىملەرنىڭ مۈلكى ۋە بايلىقىنى ئېلىۋالغانلارنىڭ مانا مۇشۇنداق جازاغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

(2) يەنە بىر ھەدىستە دېيىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىرنىقى مىستىن تۈزۈلگەن كىشىلەرنى

كۆرگەن. ئۇلار بەدەنلىرى ۋە يۈزلىرىنى ئاشۇ تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان كىشىلەر ئىكەن. سىز باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىغا، نامىغا ۋە شەرىپىگە داغ كەلتۈرىسىز. شۇڭا غەيۋەتچىلەر مانا مۇشۇنداق جازاغا ئۇچرايدىكەن.

مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنى چۈشىنەلمەي، جىبرىئىلدىن «بۇلار كىملەر؟» دەپ سورايدىكەن. جىبرىئىل بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىكەن.

(3) يەنە بىر ھەدىستە دېيىلىشچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدىغا پاكىز گۆش بىلەن سېسىپ قالغان گۆش قويۇلغان كىشىلەرنى كۆرگەن. ئۇ كىشىلەر ساق گۆشنى يېمەي، سېسىپ قالغان گۆشنى يەۋاتقان ئىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلدىن سورىغىنىدا، جىبرىئىل ئۇلارنىڭ بۇرۇن زىنا قىلغان، يەنى ئېرى ياكى خوتۇنىغا بىلدۈرمەي، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، شۇ ئارقىلىق ھالال ئىشلارنى قىلماي، ھارام ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان.

(4) يەنە بىر ھەدىستە دېيىلىشچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بېلى (يەنى قورسىقى) ئىنتايىن چوڭ، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان كىشىلەرنى كۆرگەن. ئۇلار يەردە ئولتۇرغان بولۇپ، ھەر خىل ھايۋانلار ئۇلارنىڭ ئۈستى-باشلىرىنى دەسسەپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈپ مېڭىپ تۇرىدىكەن. جىبرىئىلدىن سورىغاندا، جىبرىئىل ئۇلارنىڭ پىخسىقلىق قىلىپ باي بولغان، كىشىلەردىن ئۆسۈم ئېلىپ باي بولغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان. بۇرۇنقى زامانلاردا بايلارنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھايۋانلىرىنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن بولغاچقا، پىخسىقلىق قىلىپ باي بولغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى دەسسىتىپ جازالىغان. بۇ يەردە جازالىنىۋاتقانلارغا يەتكۈزۈپ قويماقچى بولغان ئۇچۇر، «قاراڭلار، پىخسىقلىق قىلىپ باي بولساڭلار، ئۆلگەندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۇ ھايۋانلىرىڭلار سىلەرگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىكەن، كۆرۈپ بېقىڭلار»، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

(5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مېتال مىستىن ھەم ئوتتىن ياسالغان قايچا بىلەن كالپۇكى ۋە تىللىرىنى كېسىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدۇ. جىبرىئىلدىن سورىغىنىدا، جىبرىئىل «بۇ كىشىلەر باشقىلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئۈندەپ، ئۇ ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلمىغان، ياكى قىلىشنى ئۇنتۇلۇپ قالغان»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

(6) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە دەججال (Dajjal) نى كۆرگەنلىكىنى [3]، دەججالنىڭ بىر كۆزى كۆرمەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەججالنىڭ سول كۆزى سېسىپ كەتكەن ئۈزۈمگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇ بىر كۆزلۈك ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىلاۋە: دەججال ھەققىدىكى رىۋايەتلەر سەھىھ مۇسلىمنىڭ 6931- ۋە 7037-ھەدىسلىرى، ۋە سەھىھ ئەل-بۇخارى 5685-ھەدىسىدە بار ئىكەن [3].

يۇقىرىقىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 7 قات ئاسماندىن چۈشۈۋاتقاندا كۆرگەنلىرى ھەققىدە رىۋايەت قىلغانلىرى بولۇپ، ئۇ چاغدىكى ئەھۋاللار 7 قات ئاسمانغا چىقىۋاتقىچە كۆرگەن ئەھۋاللاردەك ئۇنداق تەپسىلىي رىۋايەت قىلىنمىغان.

## 2. سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخى

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر. (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى). (پەيغەمبەرنىڭ) كۆزى (ئوڭ-سولغا) بۇرۇلمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى. (53-سۈرە نەجم، 13-18-ئايەتلەر)»

سىدرەتۇلمۇنتەھا (Sidrat al-Muntaha, a lote tree) دېگەن نېمە؟ ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، ئۇ چۆل (desert) دە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى ئەينى ۋاقىتتا كەبىدىكى كىشىلەر سۇ ئېلىپ قويۇشقا ئىشلەتكەن ناھايىتى چوڭ ئىدىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ تەمى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى يەنە ناھايىتى مىزىلىك پۇرايدۇ. ئۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بىز بىلىدىغان سىدرەتۇلمۇنتەھا ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئىنتايىن ئاز. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز، ئاللاھ بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرگەن ئەڭ ئاخىرقى نەرسە ئاشۇ سىدرەتۇلمۇنتەھا، دېگەندىنلا ئىبارەت. بىز يەنە مۇنداق ئىشىنىمۇ بىلىمىز: يەر شارىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سىدرەتۇلمۇنتەھادا توختايدۇ. قۇرئاندا روھ، دۇئا ۋە كىشىلەر قىلغان ياخشى ئەمەللەر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ يۇقىرىغا چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئايەتلەر بار. سىدرەتۇلمۇنتەھا 6-قەۋەتتىكى ساماۋاتتىن باشلىنىدىغان بولۇپ، زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ دەرەخ ئۆزىگە شۈمۈرۈۋالىدۇ. شۇنداقلا بىزنىڭ يەر شارىمىزغا ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئاشۇ دەرەختىن چۈشىدۇ. يەنى، ئاللاھنىڭ رەھمى بىلەن ئاسماندىن بىزگە يېتىپ كېلىدىغان يامغۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىدرەتۇلمۇنتەھادىن باشلانغان بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ سىدرەتۇلمۇنتەھاغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنى سانسىزلىغان، ئالتۇندىن ياسالغان، ئۆزگىچە رەڭلەرگە ئىگە، ۋە ھەممە يۆنىلىشلەرگە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك (butterflies) لەر قاپلىۋالغان ئىكەن. بۇ دەرەخنى قورشاپ تۇرغان باشقا نەرسىلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز ئۇلارنى بىلمەيمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دېيىشىچە، بۇ دەرەخنىڭ رەڭلىرى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. يەنى، بۇ بىر دىنامىك (dynamic) دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭلىرى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

## 3. ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر ماقالىنى ياسىر قازىنىڭ سىيرەت لېكسىيىلىرى 25-قىسىمدىكى بىر ئابزاس سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن [4].

بىزنىڭ دىنىمىز بىزگە سىياسىي جەھەتتە نۇرغۇن ئەركىنلىك ياكى نۇرغۇن تاللاشلارنى ئاتا قىلغان.

مېنىڭ دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن ئىسلام گۇرۇپپىلىرى بىلەن بولغان بىر پەرقىم بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار پۈتۈن ئۈممەتلەر ئۈچۈن پەقەت بىر خىللا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەم (vision) نى قولللىنىشنى خالايدۇ. مېنىڭ سەمىمىي پىكرىم شۇكى، ئۇنداق قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، توغرا ئەمەس، ھەمدە ئاكادېمىكلىق ئەمەس. مېنىڭچە ئۇنداق قىلىش نادانلىق ۋە ھاماقەتلىك. پۈتۈن ئۈممەتلەر ئۈچۈن بىر ئورتاق نىشان تۇرغۇزۇش، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنداق قىلىش ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك. پاكىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال مىسىردا يۈز بەرگىنى يوق. مىسىردا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار تۇنىس ياكى ئالجىرىيەدە يۈز بېرىۋاتقىنى يوق. ئالجىرىيە ۋە باشقا مۇسۇلمانلار زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئامېرىكىدا يۈز بېرىۋاتقىنى يوق. غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچىدىمۇ، فىرانسىيەدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئامېرىكىدا يۈز بېرىۋاتقىنى يوق. ئەگەر ھەر بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ناھايىتى كۆپ سېنارىيىلەرنى بايقايسىز. مەن باشقا بارلىق مۇسۇلمان گۇرۇپپىلىرىغا ھۆرمەت قىلىمەن. ئۇلار نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، بىز ھەممىمىز ئىنسان بولغاندىكىن خاتالاشماي قالمايمىز. مېنىڭ پىكرىم، ھەر بىر جايدىكى يەرلىك دىنىي زىيالىيلار سىيرەتنى باشتىن باشلاپ يېڭىدىن ئۆگىنىشى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ قايتىدىن ئۆگىنىشى كېرەك. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، سىيرەت ھەر ۋاقىت بىز ئۈچۈن مەدەت ئالىدىغان، ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۆلگە تاپىدىغان، ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىدا قانداق ياشىساق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توغرا قارار چىقىرىدىغان مەنبە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. يەنى، سىيرەت ھەممە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر ئۆرنەكتۇر. ھەر بىر جايدىكى مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم بىر يېڭى مەسىلىگە يولۇققاندا، سۈننەت، قۇرئان، سىيرەتكە قايتىپ، ئۇلاردىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى قايتىدىن تېپىشى كېرەك. ھەر بىر ماكاندىكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى كۆزىتىشى كېرەك. مېنىڭ قارىشىمچە، ھەر بىر مەسىلىگە نىسبەتەن سىيرەت يالغۇز بىرلا ئۆلچەمنى ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن تالللاشلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] Seerah of Prophet Muhammed 22 - Night Journey & Ascension to Heavens 3 - Yasir Qadhi | February 2012**
**https://www.youtube.com/watch?v=YrotFQRti0k**

**[2] 2012-02-01 Seerah pt.21 - Isra wa Mi’raj, the night journey & ascension to Heaven 2- Yasir Qadhi**
**https://www.youtube.com/watch?v=T5uhfYFAJzM**

**[3] What is Dujjal? Why is he to come…**

http://www.islamhelpline.net/node/4810

[4] Seerah of Prophet Muhammed 25 - The Early Emigration to Madinah - Yasir Qadhi | March 2012
https://www.youtube.com/watch?v=UaWVK-vD4_s

# ئىسلام دىنى ھەق دىندۇر

### 2014-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى

(بۇ ماقالىنى دوكتور ئاسپىرانت ئابدۇراخمان جامال كاشغەرى ئەزھەرى ئەپەندى بىر قېتىم تەھرىرلەپ بەرگەن)

مەن ئۆزۈمنىڭ دىن ھەققىدىكى ئالدىنقى تېمىسىغا چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىپ قويۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ياسىر قازى 2014-يىلى 6-ئىيۇن كۈنى ئامېرىكىدا بەرگەن بىر قېتىملىق خۇتبىدە ياشلارغا ئاشۇنداق بىر تېمىدا سۆزلىگەن بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىدا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. تۆۋەندىكى مەزمۇنلار پەقەت ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇلارغا ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «**ئىلاۋە**» شەكلىدە قوشۇپ قويىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرى.

ھازىر مەكتەپلەر تەتىل قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىدە بولۇپ، مېنىڭ پەرىزىمچە بۈگۈنكى خۇتبە نامىزىغا كەلگەنلەر ئىچىدىمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۈگۈنكى خۇتبە سۆزۈمدە ھازىر ياشلار دۇچ كېلىۋاتقان ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن. يەنى مەن 3 سوئالغا جاۋاب بېرىمەن. بۇ سوئالنىڭ بەزىلىرىنى ياشلارنىڭ كاللىسىغا شەيتانلار سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، بەزىلىرىنى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. مەن داۋاملىق تۈردە كاللىسىغا ئاشۇنداق سوئاللار كىرىۋېلىپ، ئۇلارغا جاۋاب تاپالماي يۈرگەن ياشلارنى، بەزىلەردىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب سورىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئۈچۈن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ياشلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

تۆۋەندە مەن ئاشۇ 3 سوئاللارغا ئايرىم-ئايرىم جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن.

## 1. بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى بىز قانداق بىلىمىز؟

ھازىر دۇنيادا دىنسىزلىق كۈچىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. ھازىر ئامېرىكىدا 35 ياشتىن تۆۋەن ياشلاردىكى ھەر 3 كىشىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم خۇداغا ئىشەنمەيدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال ياۋروپادا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇ يەردە 60 پىرسەنت، 70 پىرسەنت، ھەتتا 80 پىرسەنت كىشىلەر دىنغا ئىشەنمەيدىكەن. بىز ھازىر ئاشۇنداق بىر مەدەنىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ ياش قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە «بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى مەن قانداق قىلىپ بىلەلەيمەن؟» دېگەن سوئال پەيدا بولۇۋاتىدۇ. قۇرئان بۇ سوئالغا تۈرلۈك، كۆپلىگەن جاۋابلارنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ

ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئېنىق بولغان جاۋاب مۇنداق: ھازىر يارىتىلغان نەرسىلەر مەۋجۇت، شۇڭلاشقا چوقۇم بىر ياراتقۇچى بار. ھازىر بىز مەۋجۇت، شۇڭلاشقا چوقۇم بىر ياراتقۇچى بار. بىزنىڭ ھازىرقى ھاياتىمىزدا رول ئويناۋاتقان ھەر بىر تەسىرنى چوقۇم بىر نەرسە ياراتقان. ھېچ قانداق ئىش ئۆزلۈكىدىن يۈز بېرىپ قالمايدۇ.

بىز بىر ئىشنى كىم قىلغانلىقىنى، ئۇنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىز ئۇ ئىشنى مەلۇم بىر نەرسە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ئۇنىڭغا مەلۇم بىر نەرسە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىمىز. بىز ئۆز ھاياتىمىزنى سەۋەب بىلەن نەتىجە ئىچىدە ئۆتكۈزىمىز. ئاللاھ قۇرئاندا «ئىنسانلار نەدىن كەلگەن؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياراتقانمۇ؟ ياكى ئۇلار يوق نەرسىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەنمۇ؟» دەيدۇ. روشەنكى، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياراتقان دېيىش ياكى ئۆزلىرى يوق نەرسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، دېيىش بىر لوگىكىلىق سۆز ئەمەس بولۇپ، بۇ سوئاللار ئۈچۈن پەقەت بىرلا لوگىكىلىق جاۋاب مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ «بىزنىڭ بىر ياراتقۇچىمىز بار»، دېگەندىن ئىبارەت.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئەتراپىڭلاردىكى ئالەمگە قاراپ بېقىڭلار. سىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر نۇقسان تاپالامسىلەر؟ سىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر يوچۇق تاپالامسىلەر؟ ئەتراپىڭلاردىكى ئۆز-ئارا ماسلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەرگە قاراڭلار. داۋاملىق تەكشۈرۈڭلار. بىئولوگىيە ئىلمىنى ئۆگىنىڭلار. خىمىيە ئىلمىنى ئۆگىنىڭلار. فىزىكىنى بىلىۋېلىڭلار. ئاندىن يارىتىلغان ھەممە نەرسىلەردىكى ئىلمىيلىققا ۋە ماسلىششچانلىققا قاراپ بېقىڭلار. شۇ چاغدا ھەممە نەرسىلەرنىڭ نەقەدەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بايقايسىلەر. سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار ئەيىب-نۇقسان تېپىشتىن تېلىپ كېتىدۇ. سىلەرنىڭ مېڭەڭلار نۇقسان تېپىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما سىلەر ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەردىن بىرەر نۇقسان تاپالمايسىلەر.»

**ئىلاۋە:** مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، يۇقىرىقىلار ياسىر قازىنىڭ قۇرئاندىكى مەزمۇنلار ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى بولۇپ، بۇ يەردە قۇرئاندىكى مەزمۇن ئەينەن ئېلىنغان ئەمەس. بۇ ھەقتە قۇرئانغا يېزىلغان ئىككى ئايەت مۇنداق: «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقساننى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ (67-سۈرە 3- ۋە 4-ئايەتلەر).»

ھەر بىر نەرسىنىڭ بىرەر مەقسىتى بار بولىدۇ. بىز ئىنسانلار ھېچ قانداق بىر ئىشنى بىرەر مەقسەتسىز قىلمايمىز. سىز دۇكانلارغا كىرسىڭىز ئۇ يەرلەردە ئىنتايىن كۆپ مەھسۇلاتلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىلغان بولىدۇ. بىزنىڭ نەگە بېرىشىمىز، ۋە نېمە ئىش قىلىشىمىزنىڭ بىردىن سەۋەبى بار بولىدۇ.

«ئاللاھ مەۋجۇت ئەمەس» دېيىش «بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوق» دېگەنلىك بىلەن ئوخشاش. ئۇنداق قارىغاندا، ھاياتنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ قىممىتى يوق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا دىن پسىخولوگىيە جەھەتتىنمۇ ۋاقىتلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. پسىخولوگىيە جەھەتتىنمۇ ئادەمنى ناھايىتى جەلپ قىلىدۇ. پسىخولوگىيە جەھەتتە ئادەملەرنى ياخشىراق ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇپ

قويالايدۇ. سىزنى تېخىمۇ ئەخلاقلىق ئىنسانلاردىن قىلىدۇ.

ئەخلاقلىق نەدىن كېلىدۇ؟ ياش قېرىنداشلار، سىلەر كۆڭلۈڭلارنىڭ تېگىدە يالغانچىلىقنىڭ ئەسكى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. كەمبەغەللەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ بىر ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. يېتىملەردىن خەۋەر ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلىسىلەر. ئەگەر بىز پەقەت ھەقىقىي ھايۋانلاردىن بولغان بولساق، بىز نېمە ئۈچۈن ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن يېتىملەرگە كۆڭۈل بۆلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئىنسانلارنىڭ ئازابقا قالغانلىقىنى كۆرگەندە بىزنىڭ يۈرىكىمىز ئېرىپ كېتىدۇ؟ بىزدىكى مېھرىبانلىق نەدىن كەلگەن؟ مېھرىبانلىق، ئاللاھ بىزنىڭ ئىچىمىزگە سېلىپ قويغان بىر نەرسىدۇر. ئاللاھ «رەھمان» (ئەڭ مېھرىبان) بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزگە «رەھمە» (يەنى رەھىمدىللىق) نى سېلىپ قويغان.

ئىسلامدا «ھېسسىي تۇيغۇ پاكىتلىرى» دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، بىز شۇنىڭغا ئاساسەن تەبىئىي ھالدا بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. شۇڭلاشقا تارىختا بىرمۇ دىنسىز جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس. بەزىلىرىڭلار ھەيران قېلىشىڭلار مۇمكىن: دىنسىزلىق بىر ھازىرقى زامان ھادىسىسىدىن ئىبارەتتۇر. دىنسىزلىقنىڭ تارىخى ئاران 100-150 يىللا سوزۇلىدۇ. ئىنسانلار تارىخىنىڭ قالغان قىسمىدا بىرەرمۇ دىنسىز جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس. دىندارلىق ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئاللاھقا ئىشىنىش ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىدۇر. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئىنسانلارنىڭ دىندار بولۇشىنى ئاللاھ بىزنىڭ ئىچىمىزگە سېلىپ قويغان.

شۇڭلاشقا قۇرئان ئاللاھنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىزگە كۆپلىگەن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزگە كۆپلىگەن دەلىللەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ بارلىقى ئۆز-ئۆزىدىن شۇنچە ئېنىق بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىز بىر مۇرەككەپ پەلسەپىلىك ئىسپاتقا ھاجەتمەن بولمايسىز. بەزى پەيلاسوپلار بۇ جەھەتتىكى ئۇقۇملارنى ھەددىدىن زىيادە مۇرەككەپ قىلىۋېتىدۇ. سىز مەۋجۇت ئىكەنسىز، سىزنى چوقۇم باشقا بىر نەرسە ياراتقان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قۇرئاندىكى دەلىللەر ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئۇلار ئازراقمۇ مۇرەككەپ ئەمەس. ئۇلارنى چۈشىنىش سىزدىن پەلسەپە ئىلمى بويىچە بىر دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئىسلامدىكى داڭلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولغان ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ ۋارقىراپ تۇرۇۋاتسا، سىز قانداقمۇ مەندىن ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ئىسپات تېپىشنى ئۈمىد قىلالايسىز؟»

(How do you expect me to go finding proofs for the existence of Allah when everything around me is screaming his existence?)

بەزى كىشىلەر «ئاللاھ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت، ئەمما ئۇنىڭ بىز بىلەن كارى يوق» دەپ قارايدۇ. بۇ «تەبىئىي ئېتىقادچىلىق» (deism) دەپ ئاتىلىدۇ. ئامېرىكىنى قۇرغۇچىلارمۇ ئەسلىدە «تەبىئىي ئېتىقادچىلار» دىن بولۇپ، ئۇلار خرىستىئانچىلاردىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئەمما ئۇلار بىرەر مۇنتىزىم (organized) دىنغا ئىشەنمەيدۇ. يەنى ئۇلار روھقا ياكى ئىلاھقا ئىشىنىدۇ، ئەمما دىنغا ئىشەنمەيدۇ (spiritual but not religious)، ياكى ئۇلار «ئىلاھلىق، ئەمما دىندار ئەمەس».

مەن چوڭ بولۇۋاتقان دەۋرلەردە بۇنداق ئۇقۇم مەۋجۇت بولمىغان بولۇپ، بۇ ئۇقۇم يېقىندىن

پەيدا بولدى. «ئىلاھلىق، ئەمما دىندار ئەمەس» كە تەۋە كىشىلەر «ئاللاھ مەۋجۇت، ئەمما بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارايدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ بۇنداق دىپىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار يارىتىلىشنى توغرا چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ، ئەمما ئۇلار دىندىن ۋاز كېچىدۇ. لېكىن، ئاللاھ قۇرئاندا ئۇ ئىنسانلارنى يارىتىش بىلەن بىللە، ئۇلارغا قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئاللاھ بىزنى يارىتىش بىلەن بىرلىكتە بىزنىڭ روھىي ۋە ماددىي ئېھتىياجىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلاردىن ئوخشاش دەرىجىدە خەۋەر ئالىدۇ. بىز دەيمىزكى، بىز ئىشىنىدىغان ئاللاھ بىر كۆيۈنگۈچى ئاللاھ، بىر كۆڭۈل بۆلگۈچى ئاللاھ، بىر مېھرىبان ئاللاھ، بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلايدىغان، بىزنىڭ ھالىمىزنى بىلىپ تۇرىدىغان، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، بىز قىلغان دۇئالارغا جاۋاب قايتۇرىدىغان ئاللاھ. بىز ئىشىنىدىغان ئاللاھ ئەنە ئاشۇنداق بىر ئاللاھ.

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنى بىز قانداق بىلىمىز؟

نورمال ئەھۋالدا، بىر خرىستىئان دىنىدىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان بالا خرىستىئان بولۇپ تۇغۇلىدۇ. بىر يەھۇدىي دىنىدىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان بالا يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم بولۇپ تۇغۇلىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بالا مۇسۇلمان بولۇپ تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى ياشلارنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق بىر گۇمان پەيدا بولۇشى مۇمكىن: «مېنىڭ ئاتا-ئانام مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ بىر مۇسۇلمان بولۇپتىمەن. ئۇنداقتا مەن ئىسلام دىنىنىڭ بىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمەن؟ بىر خۇدا بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ خۇدانىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى مەن قانداق بىلەلەيمەن؟ مېنىڭ دىنىمنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنى مەن قانداق بىلەلەيمەن؟»

بۇ سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە تولۇق جاۋاب بېرىشكە ناھايىتى كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. بۈگۈنكى خۇتبىدە بىزنىڭ ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقتىمىز يوق. شۇڭلاشقا مەن ئۇ سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن. بىز ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ بىلەلەيمىز؟

(1) ئىسلامنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇنىڭ راتسىئوناللىقى ياكى مۇۋاپىقلىقى. ئىسلام ئېتىقادى ياكى ئىسلام بايانى ئىنتايىن ئاددىيدۇر. ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ: سىزنىڭچە ئەتراپىمىزدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر دانە بۇت ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەرمۇ؟ سىز بۇتتىن بىرنى ئويۇپ ياساپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشنى سىزدىكى ئاللاھ ئاتا قىلغان كۆڭۈل راۋا كۆرەرمۇ؟ سىزچە ئاللاھ توي قىلىپ، باللىق بولارمۇ؟ سىزچە ئاللاھتىن بىر قانچىسى بارمۇ ياكى كائىناتنىڭ مۇكەممەللىكى ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدىغان ئاللاھتىن پەقەت بىرسىلا بارلىقنى كۆرسىتەمدۇ؟ بىر خۇدالىق ئىدىيىسى ھەم لوگىكىلىق، ھەم راتسىئونال ياكى ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىر خۇدالىق ئىدىيىسى ساپ كېلىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئاتا-ئانىسى بار ياكى ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ قارىمايدۇ. ئۇنداق قاراشلار ئىنسان ئەقلىگە ماس كەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر ماھىيىتى شۇكى، ئۇلار ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن پەقەت بىرسىلا بار، دەپ قارايدۇ. پەقەت ئىسلام دىنىلا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن پەقەت بىرسىلا بار، دەپ قارايدۇ. پەقەت ئىسلام دىنىلا ئىنتايىن ئاددىي ئەقىدىگە ۋە ناھايىتى يۇقىرى ئەخلاقىي ئۆلچەمگە ئىگە.

(2) ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى قۇرئاننىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس مۆجىزىلىرىدىن

ئىبارەت. بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم مەخسۇس دوكلات بېرىلدى.

(3) ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر خىل پاك ۋە ئۇلۇغۋار خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىنتايىن ئېسىل ئەخلاق، كەڭ دائىرىلىك بىلىم ۋە ئاللاھتىن چۈشكەن ۋەھىيلەر بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغرىسىدىكى ھەممە ۋاقتلار ۋە ھەممە ۋەقەلەر ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۇنلۇك ئاۋازدا ۋارقىرايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سىزنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرىدۇر.

(4) ئىسلام ئەقىدىسى ئىنتايىن گۈزەل. بىز ھەرگىزمۇ ئىسلام پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگىلا خاس، دېمەيمىز. بىز دەيمىزكى، ئىسلام ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا ھازىرقىدەك بىر خىل تۈسنى ئالغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر مۇسۇلمان. نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ بىر مۇسۇلمان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ بىر مۇسۇلمان. ئەيسا ئەلەيھىسسالام (Jesus Christ) نىڭ ئۆزىمۇ بىر مۇسۇلمان. بىز مانا مۇشۇنىڭغا ئىشىنىمىز. ئاللاھ مۇكەممەل نەرسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بىر مۇكەممەل ئەقىدىدۇر. بىزنىڭ ئۇنى يېڭىلاپ تۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بىزدە «ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ 3-نۇسخىسى، 4-نۇسخىسى» دەيدىغان نەرسە يوق. ئىسلام باشتىن-ئاخىر ھازىرقىدەك بىر ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. باشقا دىنلاردا بۇنداق بىردەكلىك مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇلار تارىختا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان.

بۇ ھەقتە يەنە نۇرغۇن نۇقتىلار بار بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى پەقەت شۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

## 3. ئىسلام بىر ھەق دىن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن شۇنچە پەرقلىنىمىز؟

--مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ نۇرغۇن ئەركىنلىكلىرى بار. ئەمما نېمىشقا مەن ئۈچۈن شۇنچە كۆپ چەكلىمىلەر بار؟

--نېمىشقا مېنىڭ ئاتا-ئانام داۋاملىق ماڭىلا «مانى قىلساڭ بولمايدۇ»، «ئانى قىلساڭ بولمايدۇ»، دەيدۇ؟

--ئەتراپىمدىكى ھەممە كىشىلەر ھەممە ئىشلارنى قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن پەقەت مەنلا ئۆزۈمنىڭ سىنىپىدا باشقىچە ياشايمەن؟

--نېمە ئۈچۈن مېنىڭ مەكتىپىمدە، مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە، مەن ئارىلىشىدىغان بىر گۇرۇپپا ئادەملەر ئىچىدە پەقەت ماڭىلا «ئۇنى قىلسا بولمايدۇ، بۇنى قىلسا بولمايدۇ» دەيدىغان چەكلىمىلەر بار (ئەسكەرتىش: بۇ خىل ئەھۋال ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر)؟

--ئىسلامدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ چەكلىمىلەر بار؟

--نېمە ئۈچۈن مەن باشقىلاردىن شۇنچە پەرقلىنىمەن؟

بۇلار ئىنتايىن ياخشى سوئاللار، شۇنداقلا ناھايىتى قىيىن سوئاللاردۇر. بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى سىزنىڭ بىر ئاز پىشىپ يېتىلگەن بىر ئادەم بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئۇبدان ئويلىنىپ باقىدىغان بولسىڭىز، بۇ سوئاللارغا ئۆزىڭىزمۇ جاۋاب تاپالايسىز.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، ئاللاھ قۇرئاندا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلغان:

--«ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى يېتەكلىنىشنى خالىمايدۇ.»

--«ئەگەر سەن كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئەگىشىدىكەنسەن، ئۇلار سېنى توغرا يولغا باشلىمايدۇ.»

-- «كۆپ سانلىق كىشىلەر ھايۋانغا ئوخشاش ياشاشنى ئىستەيدۇ.»

--«كۆپ سانلىق ئىنسانلارنىڭ يۈكسەك نىشانى بولمايدۇ. ئۇلار بەدىنىنى خوش قىلىش ئۈچۈنلا ياشايدۇ.»

بىزنىڭ دىنىمىز بىر ئۆلۈغ دىن بولۇپ، ئۇ بىزدىن مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ھايۋان ئەمەس. بىز ھايۋانلاردىن ياخشىراق. بىزنىڭ روھىمىز بار. بىزنىڭ ئەقلىمىز بار.

يالغۇز دىنلا شۇنداق بولۇپ قالماي، ھەر قانداق بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىنسان چوقۇم ئېقىمدىن ئايرىلىپ چىققان بولىدۇ. باشقا ئادەملەر تويپىدىن ئايرىلىپ چىققان بولىدۇ. دىنغا ئىشەنمەيدىغان، ئەمما مۇشۇ دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇغان ئەمەس. بۇنىڭ تىپىك مىساللىرى ئالما شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ستىۋ جوبس (Steve Jobs) بىلەن مىكروسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گەيتس (Bill Gates)لاردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇغان ئەمەس. ئۇلار ئېقىمغا ئەگىشىپ ماڭغان ئەمەس. ئەگەر سىز بىر لىدىر بولۇشنى ئىستىسىڭىز، ئىسلام ھېچ بولمىغاندا سىزنىڭ يەنە بىر دۇنيادا لىدىر بولۇشىڭىزغا يول ئاچىدۇ. سىزنىڭ كىشىلەر تويپىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكۈڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا سىز ھازىردىن باشلاپ بىر ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلىشقا باشلاڭ. ئەگەر پادىغا قېتىلىپ ماڭىدىكەنسىز، ياكى ئېقىمغا ئەگىشىپ ياشايدىكەنسىز، سىز ھېچ يەرگە بارالمايسىز. ئەمما سىز پادىلارنىڭ ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ پادىچى بولماقچى بولىدىكەنسىز، ياكى توپنىڭ ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ، توپنى يېتەكلەپ ماڭماقچى بولىدىكەنسىز، سىز ئۆزىڭىزدە شۇنىڭغا چۈشلۇق بىر ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن خاراكتېر، مۇكەممەل روھ ۋە قاتتىق ئىرادىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس. ئەمما، بىزنىڭ دىنىمىز بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان نەرسە ئەنە شۇ. بىزنىڭ دىنىمىز بىزدىن مۇشۇ دۇنيادىمۇ ياخشى ياششىمىزنى، يەنە بىر دۇنيادىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىششىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلامدا نېمىشقا چەكلىمىلەر شۇنچە كۆپ؟ ئىسلام نېمىشقا شۇنچە تەس؟ سىز ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ: نېمە ئۈچۈن باشقا ئىنسانلار بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇ راھەت تۇرمۇش يولىنى تاللايدۇ؟

بىز ھازىر 2014-يىلدا ياشاۋاتىمىز. 80-يىللاردا مەن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، تاماكا چېكىش بىر مودا سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىناتتى. 90-يىللىرى ھۆكۈمەت نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، تاماكا راك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەنبە ئىكەنلىكىنى بايقىدى. سىز ھازىرمۇ تاماكىنى قانۇنلۇق سېتىپ ئالالايسىز. ئەمما ھازىر تاماكا قېپىغا «بۇ مەھسۇلات سىزنى ئۆلتۈرىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇلدى. ھۆكۈمەت ماشىنا ھەيدىگەندە بىخەتەرلىك تاسمىنى باغلىۋېلىشنى قانۇن قىلىپ بېكىتىپ قويدى. ئەمما تاماكىنى قانۇن جەھەتتىن چەكلىمىدى. ھازىر ھەر يىلى تاماكا

پەيدا قىلغان راك كېسىلى بىلەن ئۆلىدىغانلار ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلىدىغانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى باشقا ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزدىكى ھەر بىر چەكلىمىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. ئاق چېكىملىك ۋە زىنا قاتارلىق ئىسلامدا چەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى يوق قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئومۇمىي ياخشى سۈپىتى (integrity) نى ۋەيران قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ساپ پسىخولوگىيىسىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دىنىمىز بىزنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن ئاشۇنداق نەرسىلەرنى چەكلىگەن.

مەن ئاللاھ ئالدىدا شۇنداق دەپ قەسەم بېرىمەنكى، ئەگەر سىز ئۆز دىنىڭىزغا سادىق بولىدىكەنسىز، سىز ۋاز كېچىشكە مەجبۇرى بولغان خۇشاللىقلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى كۆپلىگەن خۇشاللىقلارغا ئېرىشىسىز.

بىر سەھى ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھ يولىدا بىرەر نەرسىدىن ۋاز كېچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى ۋاز كەچكەن نەرسىدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشىراق نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ.»

سىلەر تېخى كىچىك بولغاچقا، بۇ نۇقتىلارنى دېگەندەك ياخشى چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. خۇددى تاماكىغا ئوخشاش، شەرىئەتتە چەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىزگە زىيىنى بار. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ دىن كىشىلەرنىڭ پاك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويىدۇ، پاك بولمىغان نەرسىلەردىن كىشىلەرنى توسىدۇ.» بىزنىڭ دىنىمىزدا چەكلىمىلەر بار، ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئاللاھ بىزنىڭ روناق تېپىشىمىزنى ئىستەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ دىنىمىزدا چەكلىمىلەر بار. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئاللاھ بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىمۇ ياخشى ياشىشىمىزنى، يەنە بىر دۇنيادىمۇ ياخشى كۈن كەچۈرۈشىمىزنى ئىستەيدىغانلىقىدىندۇر. بىزدە ئاللاھقا بولغان ئىشىنىش ۋە ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتۈش ئېلېمېنتلىرى بار بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلار مەن جاۋاب بەرمەكچى بولغان 3 سوئال ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىدىن ئىبارەت.

## 4. ياسىر قازىنىڭ بىر تېلېۋىزور پروگراممىسىدا دېگەنلىرى

يۇقىرىدىكىسى ياسىر قازىنىڭ بىر جۈمەدىكى خۇتبە سۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت. ئامېرىكىدا «The Deen Show» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىسلام تېلېۋىزور قانىلى بار بولۇپ، ياسىر قازى پات-پات ئاشۇ پروگراممىدىكى سۆھبەتكە قاتنىشىدۇ. 2012-يىلى 27-دېكابىر كۈنى تورغا چىقىرىلغان ئاشۇنداق بىر سۆھبەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ [2]:

بىز مۇسۇلمانلار «ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى» دەپ قارايمىز. ئاللاھ بىزگە نېمە دېگەن بولسا، بىز شۇ بويىچە ئىش كۆرىمىز. بۇ دېگەنلىك «بىزنىڭ ئېتىقادىمىز قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان ئېتىقاد» دېگەنلىكمۇ؟ ھەم شۇنداق، ھەم ئۇنداق ئەمەس. «شۇنداق» بولۇشىدىكى سەۋەب، ئاللاھ بىزگە نېمە دېگەن بولسا، بىز شۇنى قىلىمىز. «ئۇنداق ئەمەس» بولۇشىدىكى سەۋەب، بىز ئالدى بىلەن بىر راتسىئونال بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا «ئاللاھ بىزنىڭ ھەقىقىي خۇدايىمىز بولۇپ، ئۇ بىزگە ھەق كىتاب قۇرئاننى چۈشۈرگەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. بۇ بىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بىز كىشىلەردىن بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچىلا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى كۈتمەيمىز. بىز كىشىلەرنى تەنقىدىي تەپەككۇر

يۈرگۈزۈپ، «ئىسلام بىر ھەق دىنمۇ ئەمەسمۇ؟»، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەقىقىي پەيغەمبەرمۇ ئەمەسمۇ؟»، «قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ھەقىقىي كىتابىمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئاللار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئۈندەيمىز. ئەگەر ئۇلار بۇ 3 سوئالنىڭ ھەممىسىگە «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرەلەيدىكەن، ئۇلار راتسىئونالliق بىلەن ئويلانغان بولىدۇ. كىشىلەر يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا قاراپ چىقىشى، قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرىغا قاراپ چىقىشى، بۇ دىننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا نېمىلەرنى بايان قىلىدىغانلىقىغا قاراپ چىقىشى، ئاندىن راتسىئوناللىق بىلەن، ئەقىل ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ھەقنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك. بىر ئادەم يۇقىرىقىدەك بىر جەرياندىن ئارقىلىق ئىسلامنى «بىر ھەق دىن» دەپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەممە نەرسىلەرگە نىسبەتەن «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئاللارنى قويۇۋەرمەسلىكى كېرەك. مەسىلەن، بىز نېمە ئۈچۈن 4 ۋاق ئەمەس، ياكى 6 ۋاق ئەمەس، پەقەت 5 ۋاق ناماز ئوقۇيمىز؟ ئىسلامدا نېمە ئۈچۈن ماۋۇ ئىشقا يول قويۇلۇپ، ئاۋۇ ئىشقا يول قويۇلمايدۇ؟ بۇنداق سوئاللارغا قىسمەن جاۋابلار تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ تولۇق جاۋابى «ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بىرىنچى جاۋاب، ۋە ئەڭ ياخشى جاۋاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا جاۋابمۇ بار. مەسىلەن، چوشقا گۆشىنى يېمەسلىككە ئوخشاش بەزى ئىشلار ھەققىدە قۇرئاندا ئېنىق جاۋابلار بار.

بىز ئۆزىمىزدىن مۇنداق لوگىكىلىق سوئاللارنى سوراپ بېقىشىمىز كېرەك: ئاللاھ بارمۇ-يوق؟ بار. ئاللاھ بىزگە بىر پەيغەمبەر چۈشۈرۈپ بەردىمۇ-يوق؟ چۈشۈرۈپ بەردى. ئاللاھ بىزگە بىر كىتابنى ۋەھيي قىلدىمۇ-يوق؟ ۋەھيي قىلدى. ئۇنداقتا ئاللاھ مېنىڭ قانداق ياشىشىم كېرەكلىكىنى دەپ بەردىمۇ؟ دەپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ شەرىئەتتىن ئىبارەت. شەرىئەت بىر ئومۇمىي پروگراممىدا بولۇپ، بىز ئۇنى ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ ئازراقتىن تەڭشىسەك بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتسەك بولمايدۇ.

## 5. قوشۇمچە-(1): ياسىر قازىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان مۇفتىسىنىڭ يېقىنقى بىر پەتۋاسى

### ھەققىدە دېگەنلىرى

پەلەستىن مەسىلىسىگە نىسبەتەن يېقىندا سەئۇدى ئەرەبىستان مۇفتىسى بىر پەتۋا چىقارغان بولۇپ، ياسىر قازى ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ فېيسبۇك (Facebook) تېمىدا 3-ئاۋغۇست كۈنى ئىپادە بىلدۈردى. مەن بۇ يەردە ياسىر قازىنىڭ يازغانلىرىنى ئەينەن بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەزكۇر مەزمۇن ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. ئەمما ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە مۇنداق ئىككى پايدا يەتكۈزۈشى مۇمكىن: (1) نۆۋەتتىكى بىر يېڭىلىقتىن خەۋەر تېپىش. (2) ياسىر قازىنىڭ ئۆزى قوشۇلمايدىغان بىر ئىشقا نىسبەتەن ئۆز كۆز-قارىشىنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىش.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ يازغانلىرى:

ھازىر ئىجتىمائىي مېدىيالاردا سەئۇدى ئەرەبىستان مۇفتىسىنىڭ يېقىنقى بىر پەتۋاسى ھەققىدە كەڭ-كۆلەملىك مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇ پەتۋا دۇنياغا گازانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئاڭلىتىش ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نامايىشلارنى مەنئى قىلىشنى مەزمۇن قىلغان.

**مەن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:**

**1) مەن مۇفتىغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ پىكرىگە يۈزدەيۈز ۋە تەلتۆكۈس قوشۇلمايمەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ مېنىڭ سەلەفى ھەرىكىتىگە بولغان تەنقىدلىرىمنىڭ بىر مىسالىدۇر (مېنىڭ ماقالەمنىڭ بۇ يەردىكى مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى 3-مەنبەدىن ئوقۇۋېلىڭىز). يەنى سەلەفى ھەرىكىتىنىڭ سىياسىيغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە بىرسىنىڭ بېكىنمە ھالەتتىكى مەدەنىيىتىگە ئاساسلىنىپ تۈرۈپ پۈتۈن ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىشقا ئۇرۇنۇشى. ئېھتىمال بەزى جەمئىيەتلەردە كوچىدا نامايىش قىلىش بىر خىل قالايمىقانچىلىق، دەپ قارىلىشى مۇمكىن (سەئۇدىنىڭ مۇفتىسى ئۇنى «غوۋغا» دەپ ئاتىغان). ئەمما، غەربتىكى مېدىئا بىلەن سىياسەتنىڭ دىنامىكىسىنى چۈشىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئاممىۋى سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلغان نامايىشلار بىر خەلق ئۆز دەرد-ئەلەملىرى ياكى نارازىلىقلىرىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشتىكى ئاساسىي قورال ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئاساسىي قانۇنغا «ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىنىڭ نامايىشلىرىنى چەكلىسە بولمايدۇ» دېگەن بىر ماددىنى كىرگۈزۈپ قويغان.**

**نامايىش قىلىش بىر خىل مەدەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىلىرى بىلەن زىيانلىرى (شۇنىڭ بىلەن شەرىئەتنىڭ چىقىرىدىغان ھۆكۈمى) زامان، ماكان، مەدەنىيەت ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. سەئۇدىنىڭ مۇفتىسى ئۆزىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەدەنىيىتى ئاساسىدا بىر خىل كۆز-قاراشنى ھاسىل قىلغان؛ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر قوشۇلمايمىز. (سەئۇدىنىڭ مۇفتىسى ھۆكۈمەت موللىسى، سىياسەت بىلەن تەڭ قەدەم باسىدۇ--ئەزھەرى).**

**2) يەنە بىر تەرەپتىن، مەن بەزى كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر پىكىر ئىختىلاپىدىن پايدىلىنىپ، بىر دىنىي ئۆلىمانىڭ ئابرۇيىغا داغ كەلتۈرۈشىنى، ياكى ئۇنىڭغا «پەلەستىنلىكلەرنى قوللىمايدۇ»، «ئىسرائىلىيەنى قوللايدۇ»، ھەتتا «ئۇ بىر دەججال (ئالدامچى، يالغانچى) بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك باھالارنى بېرىشىنى بىر خىل ناچار قىلىق، دەپ ھېسابلايمەن. (مەن فېيسبۇكتا بەزىلەرنىڭ ئۇنى «دەججال» دەپ ئاتىغىنىنى كۆردۈم). بىز ئاشۇنداق ئەخمەقلىق ۋە رەزىللىككە قارىتا ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمىز.**

**باشقا بىر ئادەم بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن بىز ئۇ ئادەمگە «يامان نىيىتى بار» دەپ ھاقارەت قىلساق بولمايدۇ. ئۇنىڭغا «دەججال» دەپ باھا بەرسەك تېخىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ سەئۇدى مۇفتىسىنىڭ پەلەستىنلىكلەر قوزغىلىڭىنى قوللايدىغانلىقى، ۋە زىئونىستلار دۆلىتىگە بىر تېررورچى ۋە رەزىل دۆلەت، دەپ قارايدىغانلىقى ھەققىدە ئىسپاتىم بار. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قىلغىنى پەقەت پەلەستىنلىكلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ بىر تاكتىكىسىغىلا قوشۇلماسلىق بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ پەلەستىنلىكلەر داۋاسىغا قوشۇلماسلىق ئەمەس.**

**مەن سەئۇدى مۇفتىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدىغان بىلىملىك ئوقۇغۇچىلارغا قىزىق قانلىق قىلماسلىق، ئىسلامىي ئەخلاقنى يوقاتماسلىق، ۋە شەرىئەت يول قويىدىغان دائىرىنىڭ سىرتىدا ئىش ئېلىپ بارماسلىقنى كۈچلۈك دەرىجىدە تەۋسىيە قىلىمەن.**

**مېنىڭ بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئالنى سەممىي ھالدا سورۇغۇم كېلىۋاتىدۇ: سەئۇدىنىڭ مۇفتىسىنى «ئوچۇق-ئاشكارا نامايىش قىلمىدى» ، دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقان كىشىلەر، باشقا بىر دۆلەتنىڭ مۇفتىسى**

ھۆكۈمەت قىلغان بەزى ئىشلارغا قوشۇلماي نامايىش قىلغان خەلقلەر ئۇستىدىن ئۆز ئارمىيىسىنىڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشىغا يول قويغاندا، سىلەر نەدە ئىدىڭلار؟ گەرچە سىز مەزكۇر پەتىۋاغا قوشۇلمىسىڭىزمۇ، سەئۇدىنىڭ مۇفتىسى كىشىلەرنى بىرەر ئادەمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرمىدى. يەنە بىر دۆلەتنىڭ مۇفتىسى چىقارغان «يەنە بىر پەتىۋا» بولسا ئۆز خەلقى ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى «رەزىل پەتىۋا» دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىرلىك بىلىم ئىگىلىرى، ئادالەتلىك بولۇش نۇقتىسىدىن، ئۆزىمىزنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانلار مەزھىپىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئادالەتسىزلىك قىلمىشنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنايلى!

ياسىر قازىنىڭ يازغانلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 6. قوشۇمچە-(2): ئىسرائىلىيەنىڭ سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقاتتىكى تاكتىكىسى

ھازىر غەرب تېلېۋىزورلىرىدا ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ بىر ۋەكىلى بىلەن پەلەستىن تەرەپنىڭ بىر ۋەكىلىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ سۆھبەت ياكى مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر ئۇلارغا دىققەت قىلىدىغان بولسىڭىز، ئىسرائىلىيەنىڭ ۋەكىلى قايسى دۆلەت، قايسى رايون ۋە قايسى ۋاقىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئوخشاش گەپلەرنىلا دەيدىغانلىقىنى بايقايسىز. يەنى، بۇ ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى پىكىر بىرلىكى بارلىقىنى بايقايسىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە، پەلەستىننىڭ ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرى ناھايىتى چېچىلاڭغۇ كېلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەنگلىيىلىك داڭلىق ئاخباراتچى پاترىك كوكبۇرن (Patric Cockburn) ئىسرائىلىيەنىڭ تەشۋىقات تاكتىكىسى ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرائىلىيە ھازىر ئىشلىتىۋاتقان قوللانما، مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى مېدىئا ۋە ئاممىۋى كۆز-قاراشلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىش ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنتايىن پۇختا تەتقىقاتلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.» [4]

بۇ مەزمۇنلارنى ئەنگلىيىلىك داڭلىق مۇسۇلمان زىيالىي مەھدى ھەسەن ئۆزىنىڭ فېيىسبۇكى (https://www.facebook.com/MrMehdiHasan) غا چىقىرىپ قويغان بولۇپ، ئەگەر سىز مەھدى ھەسەننىڭ كىملىكىنى بىلمىسىڭىز، مېنىڭ «ياسىر قازى بىلەن تونىي بلايېرنىڭ مۇنازىرىسى» دېگەن ماقالەمنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ. مەھدى ھەسەن بۈگۈن ئۆزىنىڭ فېيىسبۇك تېمىغا «ئاممىۋى تەشۋىقاتنىڭ ئىسرائىلىيىچە ئۇسۇللىرى» دېگەن تېمىدا بىر كۆچۈرۈلمە رەسىمنى چىقىرىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئاممىۋى تەشۋىقاتنىڭ ئىسرائىلىيىچە ئۇسۇللىرى (يەنى، ئىسرائىلىيە ۋەكىللىرىنىڭ سىرتقا تارقىتىدىغان سۆزلىرى):

1) بىز تېخى ئادەم ئۆلگەنلىكى ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق. بىز بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ باقىمىز.

2) كىشىلەر ئۆلدى، ئەمما ئۇلارنى ئۆلتۈرگىنى توغرا ئېتىلماي قالغان پەلەستىنلىكلەر بومبىلىرى.

3) توغرا، بىز ئۇلارنى ئۆلتۈردۇق، ئەمما ئۇلار تېررورچىلار.

4) توغرا، بىز ئۆلتۈرگەن كىشىلەر ئادەتتىكى پۇقرالار، ئەمما ئۇلار ئەسكى كىشىلەر تەرىپىدىن

ئۆزىنى قوغدىغۇچى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

**5)** توغرا، بىز بومبا تاشلىغان رايوندا پەلەستىنلىك جەڭچىلەر يوق، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ خاتالىقىمىز. ئەمما، بىز ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن ئادەتتىكى پۇقرالارنى ئۆلتۈرىمىز، ئۇلار بولسا قەستەن ھالدا ئادەتتىكى پۇقرالارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**6)** توغرا، بىز ئۆلتۈرگەن پۇقرالارنىڭ سانى ئۇلارنىڭكىگە قارىغاندا بەكلا كۆپ. ئەمما، باشقا دۆلەتلەرنىڭ نەقەدەر ۋەھشىي ئىكەنلىكىگە قاراپ باق.

**7)** نېمىشقا سەن يەنىلا ئىسرائىل توغرىسىدا سۆزلەيسەن؟ سەن بىر يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغۇچى **(anti-semite)** مۇ؟

سىز كېلەر قېتىم تېلېۋىزوردا بىرەر ئىسرائىلىيىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنى كۆرگەندە، يۇقىرىدىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىپ بېقىڭ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] Khutbah: Muslim Youth Matter ~ Dr. Yasir Qadhi | 6th June 2014**
https://www.youtube.com/watch?v=SlfdkSIgpSE

**[2]** https://www.youtube.com/watch?v=JX-nPEDcWYU

**[3]** http://muslimmatters.org/2014/04/22/on-salafi-islam-dr-yasir-qadhi/4/

**[4] Debunking Israel's 11 Main Myths About Gaza, Hamas and War Crimes**
http://www.huffingtonpost.co.uk/mehdi-hasan/gaza-israel_b_5624401.html?1406545029





**1-رەسىم:** ئامېرىكىدىكى «**The Deen Show**» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇسۇلمانلار تېلېۋىزور قانىلى ياسىر قازى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.

# پەلەستىنلىكلەر ۋە ئەرەب دۇنياسى

**2014-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى**

ئەنگلىيە «خۇففىڭتون پوچتا گېزىتى» (Huffington Post UK) نىڭ سىياسىي دىرېكتورى مەھدى ھەسەن 2014-يىلى 8-ئاۋغۇست كۈنى بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئەرەب دۇنياسىنىڭ ھازىر پەلەستىنلىكلەرگە قاراتقان مۇئامىلىسىدىكى بىر قىسىم سىرلارنى ئېچىپ بەردى [1] (ئەگەر سىز مەھدى ھەسەننىڭ كىملىكىنى بىلمىسىڭىز، مېنىڭ «ياسىر قازى بىلەن تونىي بلايېرنىڭ مۇنازىرىسى» دېگەن ماقالەمنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ). مەن مەزكۇر ماقالىدا ئالدى بىلەن مەھدى ھەسەننىڭ ئاشۇ ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن، ئاندىن ياسىر قازىنىڭ يېقىندا ئۆزىنىڭ فېيسبۇك (Facebook) تېمىغا چىقىرىپ قويغان [2]، ئىسلامدا روزىنى تولۇقلاپ تۇتۇش قائىدىسى ھەققىدىكى بىر قىسقا يازمىسىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. ئەرەب دۇنياسىنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى

ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتلىرى كلىنتون بىلەن بۇشقا ئوتتۇرا شەرق مەسلىسىدە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن ئارون داۋىد مىللېر (Aaron David Miller) 30-ئىيۇل كۈنى «نيۇ يورك دەۋر گېزىتى» دە مۇنداق دېدى: «ھازىر شۇنچە كۆپ ئەرەب ئەللىرى بىر تەرەپتىن گازادىكى قىرغىنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا رازى بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خاماسنى ئىككى مۇشتى بىلەن ئۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۆز ئۆمرۈمدە بۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغان.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ سۈكۈتىنىڭ دەرىجىسى «ھەممە ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرى گاس بولۇپ قالغاندەك بىر دەرىجىدە ئېغىر.»

ئەمما، ئۇلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشى ئىشنىڭ يامان يېرى ئەمەس بولۇپ، يامان يېرى ئۇلارنىڭ شېرىكلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ گازا پۇقرالىرى كوللېكتىپ ھالدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جازانى «قامال قىلىش» دەپ ئاتىشىدۇر. ئىسرائىلىيە ئەمەلدارلىرى ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلارغا ئۆزلىرىنىڭ گازانىڭ ئىقتىسادىنى يىمىرىلىپ چۈشۈش گىردابىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئەمما ھاڭغا چۈشۈرۈۋەتمەي تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى دەپ ماختىنىشۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز گازانى 7 يىل بېسىپ تۇرالمايتتى.

ئىسرائىلىيە گازانىڭ ئاران 3 تەرىپىنى كونترول قىلىدۇ. تۆتىنچى تەرىپىنى بولسا ئۆزىنى «ئەرەب دۇنياسىنىڭ يۈرىكى» دەپ ئاتىۋالغان مىسىر كونترول قىلىدۇ. ئەمما مىسىر ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ باش مارشالىدىن گېنېراللىرىغىچە بولغان ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلىيىنىڭ گازالىقلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە شېرىك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىق تەشكىلاتىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى مۇھەممەد مۇرسى 2012-2013-يىللىرى گازاغا قارىتىلغان قامالنى يېنىكلەشتۈرۈشنى ئويلاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يىل 5-ئايدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ مىسىرنىڭ پرېزىدېنتلىقىنى قولغا

چۈشۈرگەن سىسى بولسا مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىق تەشكىلاتى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان خاماسنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر.

يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بۇيان، مىسىرلىقلار گازا بىلەن بولغان چېگرىنى قايتىدىن تاقاپ، گازالىقلارنىڭ ھايات يولى بولغان تونىللارنى ئاساسەن ۋەيران قىلىۋەتتى، ھەممە ئاران 140 نەپەر يارىلانغان پەلەستىنلىكنىڭ گازا ـ مىسىر چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، مىسىرغا كىرىشىگە يول قويىدى. دېمەك، گازانىڭ قامال قىلىنىشى ئىسرائىلىيە بىلەن مىسىر تەڭ سادىر قىلغان جىنايەتتۇر.

ئەمدى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تۇتقان مەيدانىغا قاراپ باقايلى. «خۇففىڭتون پوچتا گېزىتى» نىڭ پېشقەدەم چەت ئەل مۇخبىرى داۋىد ھارست (David Hearst) نىڭ «سەئۇدى پادىشاھىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گازاغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇم» دېگەن تور ماقالىسىدە دېيىلىشىچە، ئىسرائىلىيە دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىلەن سەئۇدىنىڭ جاسۇس ئورگانلىرى ئەمەلدارلىرى داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن.

بىرىنچى ئاۋغۇست كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاھ بىر باياناتى ئېلان قىلىپ، گازادىكى ئۆلتۈرۈشلەرنى «كوللېكتىپ قىرغىنچىلىق» دەپ ئەيىبلىدى، ئەمما ئىسرائىلىيىنى بىۋاستە ئەيىبلىمىدى، ھەمدە ئىسرائىلىيىگە قارشى ھېچ قانداق كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. سەئۇدىنىڭ باش مۇفتىسى بولسا پەلەستىنلىكلەرنى قوللاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نامايىشلارنى «قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدىغان ئىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، پەلەستىنلىكلەرگە ھېچ قانداق ياردىمى بولمايدۇ»، دەپ چەكلىدى.

سۈرىيەدە بولسا، ئەسەدنىڭ شەپقەتسىز ئارمىيىسى دەمەشقنىڭ چېگرا رايونى يارمۇك (Yarmouk) تىكى پەلەستىنلىك پاناھلانغۇچىلارنى بومباردىمان قىلدى، ۋە ئاشۇ پەلەستىنلىكلەر تۇرۇۋاتقان يەرلەرنى بېسىۋالدى. ھەمدە ئۇلارنى مۈشۈك ۋە ئىتلارنىڭ گۆشىنى يەپ، ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا قىستاپ، ئۇرۇش جىنايەتلىرىنى سادىر قىلدى.

قالغان ئەرەب ئەللىرى قىلغان ياخشىراق ئىشلارمۇ مەۋجۇت ئەمەس. لىۋىيەدە 400 مىڭدىن ئارتۇق پەلەستىنلىك پاناھلانغۇچىلار بار بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق شارائىت ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. لىۋىيە قانۇنى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلىشىنى، ھۆكۈمەتكە قارايدىغان دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشىنى، ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇشىنى ۋە ئۆي سېتىۋېلىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

ئىئوردانىيىدىكى ئېتىنىك خەلق پەلەستىنلىكنى ئۆچ كۆرىدۇ. ياسىر ئارافات سادام ھۈسەيىننى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، كۇۋەيتتە 1991-يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن 200 مىڭ پەلەستىنلىكلەر ئىئوردانىيە چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. تۆت مىڭدىن ئارتۇق پەلەستىنلىكلەر ئىئوردانىيىنىڭ تەرتىپنى قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

بىر داڭلىق تارىخشۇناسنىڭ يېزىشىچە، ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللاھ مەخپىي ھالدا ئىسرائىلىيە بىلەن بىرلىشىپ، پەلەستىنلىكلەرنىڭ 1948-يىلى بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئىكەن.

1945-يىلىدىن بۇيان پەلەستىن مەسىلىسى ئەرەب بىرلىكىنىڭ كۈن تەرتىپىدىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، پەلەستىن داۋاسىغا بولغان ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ۋەدىلەر ھەرگىزمۇ ئۈنۈملۈك ياردەمگە ئايلىنىپ باقمىدى.

ھازىر ئەرەب دۇنياسىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى، سايلامدىن ئۆتمەي ۋۇجۇدقا كەلگەن

لىدېرلىرى (دۆلەت باشلىقلىرى) ئىسرائىلىيە ئارمىيىسگە قارىغاندا مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىق تەشكىلاتى بىلەن خاماسنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرى ئۈچۈن چوڭراق تەھدىت، دەپ ھېسابلايدۇ. يالغۇز قاتار خەلىپىلىكىلا يۇقىرىقى ئىككى گۇرۇپپا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ساقلاۋاتقان بولۇپ، قالغان ئەرەب ئەللىرىنىڭ دۆلەت ئەمەلدارلىرى بولسا ئىسرائىلىيىنىڭ گازادىكى سۈننىيلەر بىلەن ئىراندىكى شىئەلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەت شۇكى، گازادىكى پەلەستىنلىكلەرنىڭ كوللېكتىپ ھالدا جازاغا ئۇچرىشىنى ئىسرائىلىيىنىڭ يېتەكچىلىكى، مىسىرنىڭ ئىجرا قىلىشى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قوللىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر كوللېكتىپ ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

بىچارە پەلەستىنلىكلەرنىڭ زېمىنى يەھۇدىي دۆلىتى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ داۋاسى بولسا ئەرەب دۇنياسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىلدى.

مەھدى ھەسەننىڭ ماقالىسىدىكى مەزمۇنلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 2. روزىنى تولۇقلاپ تۇتۇش قائىدىسى

يېقىندا چەت ئەلدىكى بىر مۇسۇلمان ياسىر قازىدىن ئىسلامدىكى روزىنى تولۇقلاپ تۇتۇش ھەققىدە بىر سوئال سورىغان بولۇپ، ياسىر قازى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ فېيسبۇك (Facebook) تېمىدا 2014-يىلى 5-ئاۋغۇست كۈنى جاۋاب بەردى. مەن تۆۋەندە ئاشۇ جاۋابنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئىسلام كالېندارىنىڭ 10-ئېيى «شەۋۋال» (Shawwal) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «كۆتۈرۈش» بولۇپ، چىشى تۆگە (she-camels) لەر ھەر يىلنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە بوغاز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن 10-ئايغا ئاشۇنداق نام بېرىلىپ قالغان [3]. 2014-يىلنىڭ شەۋۋال ئېيى 28-ئىيۇل كۈنى باشلىنىپ، 26-ئاۋغۇست كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار روزا ھېيتىنىڭ ئەتىسىدىن باشلىنىدىغان شەۋۋال ئېيىدا ئاشۇ 6 كۈنلۈك روزىنى تۇتىدۇ. رامىزان ئېيىنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتۇپ، ئاندىن مۇشۇ 6 كۈنلۈك روزىنىمۇ تۇتۇش پۈتۈن بىر يىل روزا تۇتقانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئىسلام ئەنئەنىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى سەۋەب، بىر ئادەم قىلغان ھەر بىر ياخشىلىققا ئاللاھ 10 ھەسسە مۇكاپات بېرىدۇ. رامىزاندا 30 كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن بۇ 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنىمۇ تۇتقاندا، مۇسۇلمانلار پۈتۈن بىر يىل روزا تۇتقان بىلەن باراۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ [3].

ياسىر قازىدىن سورالغان سوئال مۇنداق:

شەيخ، مەن رامىزاننىڭ بىر قىسىم روزىلىرىنى تولۇقلاپ تۇتمىسام بولمايتتى، ئەمما مېنىڭ شەۋۋالنىڭ 6 كۈنلۈك روزىسىنىمۇ تۇتقۇم بار. مەن شەۋۋالنىڭ 6 كۈنلۈك روزىسىنى تۇتۇشتىن بۇرۇن رامىزاندا تۇتالمىغان روزىنى ئالدى بىلەن تولۇقلاپ تۇتۇۋېتىشىم كېرەكمۇ؟

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ جاۋابى:

ئۆلىمالارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى پىكىرلىرىنى ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ھەنەفىي،

شافىئىي ۋە مالىكىي (Hanafi, Shafi’i and Maliki) مەزھەپلىرىدىكى ئۆلىمالار 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى ئالدىدا تۇتۇپ، تولۇقلاپ تۇتۇلىدىغان رامىزان روزىلىرىنى باشقا بىر ۋاقىتتا تولۇقلاشقا يول قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، رامىزاندا تۇتالماي قالغان روزىلارنى تولۇقلاشقا مەخسۇس بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىت يوق. شۇنداق بولغاچقا، بىر ئادەم ئالدى بىلەن 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى تۇتۇپ، رامىزان روزىسىنى ئاشۇ بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى كېيىنكىرەك ۋاقىتلاردا تولۇقلاپ تۇتۇۋالسا بولۇۋېرىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى ئالدىدا تۇتۇپ، ئاندىن تۇتالماي قالغان رامىزان روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، دېسەك خاتالاشمايمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھەنبەلى (Hanbali) مەزھىپىنىڭ ئۆلچەملىك مەيدانى «روزا تۇتالمىغان رامىزان كۈنلىرىنىڭ روزىلىرىنى تولۇقلىۋەتمەي تۇرۇپ، 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى تۇتسا بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت (ھەنبەلى گۇرۇھىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر بۇ كۆز-قاراشقا قوشۇلمايدۇ). ئۇلار بۇ چۈشەنچىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن كەلتۈرۈپ چىقارغان: «رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، ئاندىن كېيىن 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى تۇتقانلار خۇددى پۈتۈن بىر يىل روزا تۇتقاندەك (مۇكاپاتلىنىدۇ).» ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، «رامىزان ئېيىدىكى بەزى كۈنلەردە روزا تۇتالمىغانلار پۈتۈن رامىزان ئېيىدا روزىنى تولۇق تۇتمىغان بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنداق ئادەم رامىزان روزىسىنى تولۇقلىمىغىچە يۇقىرىدىكى ھەدىس ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.»

شۇڭلاشقا، يۇقىرىدىكى ئىككى خىل كۆز-قاراشنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنلۇق تەرەپلىرى بار. ئەمما، ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق ئەھۋالدا مەجبۇرىيەتنى 1-ئورۇنغا قويۇپ، تۇتالماي قالغان روزىنى ئالدىدا تولۇقلاش، سۈننەتكە ئاساسەن 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى تۇتۇشتىن ياخشىراقتۇر.

ئىلاۋە: بۇ يەردە ياسىر قازى ھەنبەلى گۇرۇھىنىڭ كۆز-قارىشىغا قوشۇلىدىكەن.

شۇنداقلا، شۇنىمۇ تونۇپ يېتىش كېرەككى، 6 كۈنلۈك شەۋۋال روزىسىنى بىر-بىرىنىڭ كەينىگە ئۇلاپ تۇتۇپ تۈگىتىش شەرت ئەمەس. ئۇ 6 كۈنلۈك روزىنى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئىچىدىكى قايسى كۈندە تۇتسا بولۇۋېرىدۇ.

ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] From Egypt to Saudi Arabia, the Arab World Has Abandoned the Palestinians
http://www.huffingtonpost.co.uk/mehdi-hasan/from-egypt-to-saudi-arabi_b_5662098.html?1407511876&ncid=tweetlnkushpmg00000067

[2]ياسىر قازىنىڭ فېيسبۇك تېمى (2014-8-5):
https://www.facebook.com/yasir.qadhi

[3] Shawwal: http://en.wikipedia.org/wiki/Shawwal




**1-رەسىم: مەھدى ھەسەن فېيسبۇك (Facebook) دەپتىرىنىڭ باش-بەت كۆرۈنۈشى**

## قۇرئان نېمە ئۈچۈن ئەرەب زېمىنىغا چۈشۈرۈلگەن؟

**2014-يىلى 9-ئاينىڭ 22-كۈنى**

نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاش، مەنمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئاللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرئاننى ۋەھيي قىلىپ چۈشۈرۈشتە ئەرەب زېمىنى بىلەن ئەرەب مىللىتىدىن بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاللىغانلىقىنى بىلىۋېلىشنى ئويلاپ كەلگەن ئىدىم. يەنى، مىلادىيىدىن كېيىنكى 600-يىللىرى ئەرەب زېمىنى ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئەرەبلەر بىلىم جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە، ئىقتىساد جەھەتتە، ۋە دىن جەھەتتە بىر ئارقىدا قالغان زېمىن ۋە مىللەت ئىدى. ئەرەبلەر ئۇ ۋاقىتتا مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە روھىي تاشتەك قېتىپ كەتكەن تاش-يۈرەك ئىنسانلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇھىم ھەق بولغان ئىسلامنى ۋەھيي قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى باشقا بىر دۆلەت ياكى باشقا بىر جەمئىيەتنى تاللىماي، مۇشۇ ئەرەب زېمىننى تاللايدۇ؟ ئاللاھ نېمە ئۈچۈن باشقا بىر تېخىمۇ مەدەنىيەتلەشكەن ۋە تېخىمۇ گۈللەنگەن زېمىننى تاللىمايدۇ؟ ئەگەر ئاشۇنداق بىر زېمىننى تاللىغان بولسا ئۇ زېمىن ئىسلامنى تارقىتىشقا تېخىمۇ ياخشىراق ماس كەلگەن بولمامتى؟ مەسىلەن، ئاشۇ دەۋردە شەرقىي ئاسىيادا جۇڭگو بار ئىدى. جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھىندىستان ئەللىرى بار ئىدى. ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا پېرسىيىلىكلەر بار ئىدى. شىمالىي ئاسىيادا رۇسلار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياۋروپالىقلار، ئاق-تەنلىكلەر ئەللىرى، ئافرىقا ئەللىرى، رىم ئىمپېرىيىسى، ۋە گىرېتسىيە قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئاشۇ ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى تارقىتىشتىن ئىبارەت بۇ بىر ئۇلۇغۋار دەۋەتنى ئېلىپ بېرىشتا ئەرەبلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىنسانلار ئۆلچىمى بويىچە تېخىمۇ مۇۋاپىق، ھەمدە مەزكۇر شەرەپكە تېخىمۇ مۇناسىپ ئەمەسمىدى؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق مەزكۇر شەرەپ بىلەن مەزكۇر ئالاھىدە ئىمتىيازنى ئاللاھ نېمە ئۈچۈن ھەممە جەھەتتىكى تەرەققىياتلىرى يۇقىرىدىكى ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا قالغان ئەرەبلەرگە ئاتا قىلدۇ [1]؟

شەيخ ۋە دوكتور ياسىر قازى [2] شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدە 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا يۇقىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب تاپقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ جاۋابلىرىنى «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن 130 نەچچە قىسىملىق لېكسىيىلىرىنىڭ ئىچىدىكى 5-قىسمىدا قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ [3]. ياسىر قازى بۇ لېكسىيىلەر ئامېرىكىدىكى «ئەلمەغرىب ئىنستىتۇتى» [4] دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپتە دەرس قىلىپ سۆزلەۋاتقان بولۇپ، ئۇ ھازىر مەزكۇر لېكسىيەلەرنىڭ 80 نەچچىنچى قىسمىغا كەلدى. ياسىر قازى بۇ ئىنگلىزچە لېكسىيەلەرنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنىڭ سىن ھۆججەتلىرىنى تور ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىۋاتىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدا يۇقىرىدىكى سوئاللارنىڭ ياسىر قازى يەكۈنلەپ چىققان جاۋابلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

تۆۋەندىكىسى ياسىر قازىنىڭ دېگەنلىرى. ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قوشۇپ قويماقچى

بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قوشۇپ قويىمەن.

قۇرئان ۋە ئىسلام دىنىنى ۋەھىي قىلىپ چۈشۈرۈشتە، ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەرنى چۈشۈرۈشتە، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن ئەرەب زېمىنى بىلەن بىر ئەرەب مىللىتىدىن بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاللىغان؟

## 1. ئەرەب زېمىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

ئەرەبلەر بىلەن ئەرەب زېمىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇلارنىڭ بىرى ساسسانىيلار (Sassanid) ئىمپېرىيىسى، يەنە بىرى بولسا بىزانتىن (Byzantine) ئىمپېرىيىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرى كېيىنچە پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسگە ئۆزگەرتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ساسسانىيلار بىلەن بىزانتىن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلار داۋاملاشقىلى 400 يىل بولغانىدى. ئەرەب زېمىنى بۇ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەرنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرغان، ئەمما بىر ئايرىم زېمىن بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. ئاللاھ ئەرەب زېمىنىغا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى چۈشۈرۈپ، 30-40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەبلەر بۇ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىمپېرىيىلەرنى ئۆزلىرىگە بويى سۇندۇرىدۇ. ئەگەر ئەرەبىستان جۇڭگوغا جايلاشقان بولسا، بۇ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەرنى بويى سۇندۇرالمىغان بولاتتى. ئەرەبلەرنىڭ بۇ ئىككى ئىمپېرىيىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرۇشى، ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئەرەبلەر كېيىنكى 30-40 يىل ئىچىدە بۇ ئىككى ئىمپېرىيىلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇۋالىدۇ.

## 2. ئەرەبلەرنىڭ باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالىدىغان ئادىتى يوق ئىدى

ئاشۇ ۋاقىتتىچە ئەرەبلەر پەقەت ئۆز-ئارا ئۇرۇش قىلىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ رىمغا ياكى پېرسىيىگە جەڭ ئېلان قىلىپ باقمىغان. شۇڭلاشقا، ئەرەبلەرگە ئىسلام ۋەھىي قىلىنىپ، ئەرەبلەر قوشۇن تەشكىللەپ، تۈنجى قېتىم رىم بىلەن پېرسىيىگە قارشى جەڭگە ئاتلانغاندا، ئۇ ئىككى زېمىندىكى كىشىلەر ئەرەبلەرنى زاڭلىق قىلىدۇ. ساسسانىيلار ھۆكۈمىتى ئەرەبلەرگە كىچىك باللارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئەرەبلەرگە «سىلەر سارالڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ سىلەر بىزگە ھۇجۇم قىلماقچىما؟ بىز سىلەرگە ئازراق پۇل بېرەيلى، سىلەر كىشىنى ئاۋارە قىلماي قايتىپ كېتىڭلار»، دەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ رىم بىلەن پېرسىيىگە ھۇجۇم باشلىشى ئۇلار ئۈچۈن بىر كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

## 3. ئەرەبلەر بىر مەدەنىيەتلەشمەي، ئارقىدا قالغان ھالەتتە تۇرغان

بۇ يەردىكى «مەدەنىيەتلەشمىگەن» دېگەن سۆز مۇنداق بىر قانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ ئەرەبلەرنىڭ بىر بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ باقمىغان. ئەگەر بىر جەمئىيەتنىڭ بىر بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمىتى بولمايدىكەن، ئۇ جەمئىيەتتە قانۇن بىلەن تەرتىپمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. (2) ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، سەنئەت، ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى مەۋجۇت

بولمىغان. ئۇ چاغدا ئەرەبلەردە شېئىرىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان. ئەمما، شېئىرىيەت ئەدەبىياتتىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ چاغدا ئەرەبلەردە يازما ئەدەبىيات يوق ئىدى. سەۋەبى، ئۇلاردا يېزىش ۋە ئوقۇشمۇ مەۋجۇت بولمىغان. ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بىنالىرىمۇ بولمىغان. ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ تۇرالايدىغان بىنالارنى ياساپ باقمىغان. ئاللاھ ئىسلامنى ۋەھيي قىلىپ چۈشۈرۈشتىن 100 يىللار بۇرۇن ھازىرقى ئىستانبۇلدا ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىسلامدىن بۇرۇن ياسالغان پېرسىيە پادىشاھ ئوردىلىرىنىڭ بەزىلىرىمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ ئۇنداق نەرسىلىرى مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. ئەرەبلەرگە ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار بىر ئارقىدا قالغان قالاق ھالەتتە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئىسلام ئۇلارغا ئىززەت-ھۆرمەت ئېلىپ كەلگەن. ئاللاھ قۇرئاندا «مەن سىلەرگە بىر مۇقەددەس كىتابنى چۈشۈردۈم، ئۇنىڭدا سىلەرنىڭ ئابىدە ياكى مىراس (legacy) لىرىڭلار بار» دەيدۇ. ئىسلامنىڭ كېلىشى ئەرەبلەرنىڭ ئۆز زېمىنىدا ئۆزىگە خاس بىر خىل مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ئىشتا ئەرەبلەر مەدەنىيەت توقۇنۇشىغا دۇچ كەلمىدى. يەنى، ئۆز مەدەنىيىتىنى ھېچ نېمىسى يوق يەردىن تەرەققىي قىلدۇردى. ئەگەر ئىسلام رىملىقلارغا چۈشكەن بولسا، ئۇلار ئۈچۈن مەدەنىيەت توقۇنۇشى بىر چوڭ مەسىلە بولۇپ قالغان بولار ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا رىملىقلارنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، بىر مۇكەممەل شەكىلگە كىرگەن مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر ئىسلام رىمغا چۈشكەن بولسا، ئىسلام بىلەن رىمدا بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرەتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئاللاھ ئىسلام دىنىنى بىر بوشلۇقتا، بىر ۋاكۇئۇمغا، سوقۇشمىسا بولمايدىغان نەرسىلىرى مەۋجۇت بولمىغان بىر بوش زېمىنغا چۈشۈرگەن. ئاشۇ ۋاقىتقىچە ئەرەبلەر بىرەر قېتىممۇ بىرلىككە كېلىپ باقمىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىرەر چوڭ ھۆكۈمەت بىلەن كۆرەش قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارغىمۇ دۇچ كېلىپ باقمىغان. ئەرەبلەر پەقەت ئىسلامنىڭ ئاستىدىلا تۇنجى قېتىم تولۇق بىرلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.


## 4. دۇنيا ئەرەب زېمىنىدا بىر سىياسىي كۈچنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان

ئەرەب زېمىنىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە قالاق ھالەت تۈپەيلىدىن، ئەرەب زېمىنىدا بىر سىياسىي كۈچنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ھېچ كىم پەرەز قىلىپ باقمىغان. ئەرەبىستاندا بىر سىياسىي كۈچنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېچ كىم ئالدىن مۆلچەرلەپ باقمىغان. ھازىر سىز دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كىرىمى جەھەتتە ئەڭ تۆۋەندە تۇرىدىغان بىر دۆلەتنى كۆرسىتىپ، «مۇشۇ دۆلەت يەنە 5 يىلدا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ»، دېسىڭىز، ئۇنىڭغا ھېچ كىم ئىشەنمەيدۇ. ئۇنداق بىر دۆلەتنى ھېچ كىم بىر خىل تەھدىت، دەپ ھېسابلىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەينى زاماندا رىم بىلەن پېرسىيە ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى يېقىن كەلگۈسىدە بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان.

## 5. مەخسۇس ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان 1-ساراي مەككىدە ياسالغان

مەخسۇس ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان تۇنجى ساراي سېلىنغان جاي مەككىدۇر. شۇنداقلا ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىمۇ مەككىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئىسلامدىن ئىبارەت بىر دۇنياۋى دىن ئەڭ دەسلىپىدە چۈشۈرۈلگەن جاي ئۈچۈن مەككىنىڭ تاللىنىشى بىر تەبئىي ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ۋەھيى قىلىپ چۈشۈرگەن بارلىق دىنلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىسلام دىنىلا بىر دۇنياۋى دىندۇر. ھازىر خرىستىئان دىنى ۋە جۇدائىزىم دەپ ئاتىلىدىغان باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ مەلۇم بىر قىسىم جايلىرىغىلا تەۋە بولغان. بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە ئەيسا ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىسرائىلىيەنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن كەلگەن. مۇسا پەيغەمبەرمۇ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، ئۇ پەقەت يەھۇدىيلار ئۈچۈن كەلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر بولسا پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كەلگەن يېرى دۇنيادىكى تۇنجى قېتىملىق ئىبادەت سارىيى ياسالغان جاي بولۇشىدا بىر ناھايىتى كۈچلۈك ھېكمەت بار. قۇرئاندىمۇ تۇنجى مەسچىت سېلىنغان جاينىڭ «مەدكە» ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ئايەت بار بولۇپ، ئۇ جاينىڭ ئىسمى كېيىن «مەككە» گە ئۆزگەرتىلگەن.




The Ka'aba: an etching from 1731

**1-رەسىم: كەبەنىڭ 1731-يىلدىكى كۆرۈنۈشى.**

## 6. ئەرەبلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم سۈپەتلەر يېتىلگەن

ئەينى زاماندا گەرچە ئەرەبلەر بەزى سۈپەتلەرگە ئىگە ئەمەس بولسىمۇ، ئۇلاردا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باشقا بىر قىسىم سۈپەتلەر بار بولغان. ئۇ سۈپەتلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: روھنىڭ پاك بولۇشى. ئەرەبلەر باشقا دىنى ئېتىقاد تەرىپىدىن بۇلغانمىغان. ئۇلار ئاددىي ئىنسانلار بولۇپ، ئۇنداق بولۇشنىڭ ھەم ياخشى تەرىپىمۇ، ھەم يامان تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى، ئەگەر سىز بىر ئاددىي ئىنسان بولسىڭىز، ئالدىڭىزغا ھەق كەلگەن چاغدا، ئۇنى ئاسانراق قوبۇل قىلىسىز. سىز كاللىڭىزغا ھەر خىل پەلسەپىلىك چۈشەنچىلەرنى قاچىلىۋالغان بولمايسىز. كاللىڭىزدا كۆپلىگەن غەيرىي ئىدىيىلەر مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەينى زاماندا ئىسلامنى ئەڭ دەسلەپتە قوبۇل قىلغان كىشىلەر سەممىي ۋە ئاددىي كىشىلەردىن تەركىب تاپقان.

## 7. ئەرەبلەر يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان

ئەرەبلەر يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. ئۇلار ئۇزۇن يىللار سۇ ۋە ئاشلىقنىڭ قىسچىلىقىدا ياشىغان. بۇ خىل ئەھۋال ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى ئۈچۈن بىر خىل پايدىلىق ئەھۋال بولۇپ قالغان. يەنى، ئۇ ۋاقىتلاردا رىم ۋە پېرسىيە ئەسكەرلىرى راھەتكە كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇلار داۋاملىق ياخشى شارائىت ئىچىدە تۇرمىسا ئۇرۇش قىلالمايتتى. ئەمما ئەرەب ئەسكەرلىرى ئۇنداق شارائىتنى تەلەپ قىلمايتتى. ئۇلار قۇملۇقلاردا ئۇزۇن ۋاقىت يىراق ئارىلىقتا ناھايىتى ئاز يېمەكلىك ۋە ناھايىتى ئاز سۇ بىلەن سەپەر قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى. مۇسۇلمانلار ئەڭ دەسلەپتە باشقا زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇشتا مۇشۇنداق ئەسكەرلەرگە موھتاج ئىدى. شۇڭلاشقا ئاللاھ دەسلەپكى مەزگىلدە ئىسلامغا پايدىلىق بولغان كىشىلەرنى تاللىغان.

## 8. ئەرەبلەر بىر قىسىم ئېسىل خاراكتېرلەرگە ئىگە بولغان

ئەينى زاماندا ئەرەبلەر بىر باتۇر، غۇرۇرلۇق، ۋە سەممىي مىللەت ئىدى. ئەرەبلەر يالغانچىلىققا بەك ئۆچ كېلەتتى. راستچىل ۋە ياۋاش بولۇش ھەممە ئەرەبلەر ئۈچۈن ئورتاق ئىدى. ئەرەبلەر ۋەدىسىدە تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بىرسىگە ۋەدە قىلىدىكەن، بىرسىگە قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئۆز ۋەدىسىدە چوقۇم تۇراتتى. ئەرەبلەر گېپىدە تۇرىدىغان خەلق ئىدى. شۇڭلاشقا ئىسلام كەلگۈچە ئەرەبىستاندا يازما كېلىشىم مەۋجۇت بولمىغان ئىدى. يازما كېلىشىمگە ھېچ كىم ئېھتىياجلىق بولۇپ باقمىغان ئىدى. بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىش توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇ ئۆز ۋەدىسىدە چوقۇم تۇراتتى. ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل ئىنتايىن رەزىل ئىش بولۇپ قارىلاتتى.

## 9. ئەرەبلەر ئات مىنىشكە ناھايىتى ئۇستا كەلگەن

ئەينى زاماندا ئەرەبلەرنىڭ ئاتلىرى سۈپەت جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەرەبلەر ئات مىنىشكىمۇ ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ، رىم ۋە پېرسىيە ئەسكەرلىرى بۇ جەھەتتە ھەرگىزمۇ ئەرەبلەرگە يېقىن كەلمەيتتى. ئەرەبىستان ئاتلىرى توغرىسىدا بىر ھەدىسمۇ بار. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىكى ئاتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى ئەرەبىستان ئاتلىرى، دەيدۇ. ئەرەبىستان ئاتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئات مىنىشكە ئەڭ ئۇستا مىللەتمۇ ئەرەبلەردۇر. ئەرەبلەر ئۇ زامانلاردا ئاشۇ زاماندىكى زامانىۋى قوراللارغا ئىگە ئەمەسىدى. لېكىن ناھايىتى يۇقىرى ئات مىنىش ماھارىتىگە ئىگە ئىدى.

## 10. ئەرەب تىلى بىر ئىنتايىن كۈچلۈك تىل

ئەرەب تىلى مەنىنى ئاساس قىلىدىغان ياكى سېمانتىك (semantic) تىل بولۇپ، بۇنداق تىللارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئەرەب تىلىدا بىر سۆزنى ئۆگەنسىڭىز،

ئۇنىڭدىن يەنە 200 دەك باشقا سۆز شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايسىز. لاتىنچە ۋە يەھۇدىي تىلى قاتارلىق باشقا نۇرغۇن تىللار بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. يەنى، ئەرەب تىلى بىر ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن ناتىق تىلدۇر.

## 11. پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەر ئۈچۈن دۇئا قىلغان

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەبىنى ياساۋاتقاندا، «ئۇلۇغ ئاللاھ، بىز سەندىن قوۋمىمىزنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ بېرىشنى تىلەپ، ساڭا دۇئا قىلىمىز. ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، ئۇلارغا سېنىڭ ئالامەتلىرىڭنى ۋە سېنىڭ ئايەتلىرىڭنى قىرائەت قىلسۇن. ئۇلارنى پاكلاشتۇرسۇن. ئۇلارنى تازىلىسۇن. ئۇلارغا مۇقەددەس كىتاب بىلەت ھېكمەتلەرنى ئۆگەتسۇن.» دەپ دۇئا قىلدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان. يەنى ئاللاھ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاشۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازنى ئاتا قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمىغا تەۋە ئەمەس پەيغەمبەردىن پەقەت بەرسلا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى ئەرەبلەر بولۇپ، ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەرگەن. دېمەك، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئۈچۈن بىر ئەرەبنى تاللىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىلغان ئاشۇ دۇئادىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا بىر كۈچلۈك ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ئىبراھىم ئاتامنىڭ دۇئاسىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس مەن شۇ. ئەيسا پەيغەمبەر ئالدىن بېشارەت قىلغان ياخشى خەۋەر مەن شۇ.» دەيدۇ.

باشقا دىنى ئۆلىمالارنىڭ تىزىملىكى يۇقىرىقىغا ئازراق ئوخشىماسلىقى، ئۇلاردا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان ئامىللارمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچى بولغىنىم يۇقارقىلاردىن ئىبارەت.

مەن بۇ قېتىم ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


**[1] The Quran-Why was it revealed in the Arab nation?**
**http://www.anwarulhedaya.com/The%20Quran-Why%20in%20the%20Arab%20Nation_in%20English.htm**

**[2] Bilimxumar: « Din we zamaniwiliq »**
**http://www.meripet.com/Sohbet1/20140314_islam.htm**

[3] Seerah of Prophet Muhammed 5 - The Birth of Prophet Muhammed & Why Arabia? - Yasir Qadhi | June 2011
https://www.youtube.com/watch?v=Aln07CIO_BM

[4] Almaghrib Institute
http://almaghrib.org/

= ============================== =

ئەسسالامۇئەلەيكۇم تېۋىپ ئەپەندىم:

ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمانلار ئادەتتە «مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر «مۇھەممەد پەيغەمبەر» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى مۇمكىن. ئەمما، ياسىر قازىنىڭ 130 قىسىملىق لېكسىيىسىنىڭ تېمىسى «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى» ( Seerah of Prophet Muhammed) بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ «مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمھالى» (Seerah of Our Prophet Muhammed) ئەمەس. مەن باشقىلار تەييارلىغان نەرسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندا، مۇنداق بىر پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىمەن: ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكى مەزمۇننى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك. بۇ پرىنسىپنى مەن بەزىدە ئايرىم سۆزلەرگىمۇ ئىشلىتىمەن. قىسقىسى، «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى» ۋە ماقالىنىڭ باشقا يەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن «مۇھەممەد پەيغەمبەر» دېگەن سۆزلەر مەن ئۆزۈم ئىشلىتىۋالغان سۆزلەر ئەمەس. ئۇ سۆزلەر ياسىر قازىدىن كەلگەن.

ياسىر قازىنىڭ «مۇھەممەد پەيغەمبەر» سۆزىنى ئىشلىتىشىدە مۇنداق ئىككى سەۋەب بار بولۇشى مۇمكىن: (1) ياسىر قازى نىشان قىلغان كىشىلەر مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە ھازىرغىچە يېزىلغان كىتابلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارغا ئاساسەن «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن ئىسىم قويۇلغان.

ھازىرغىچە يېزىلغان ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە ماقالىلەردە ئەرەبچىدىن كىرگەن ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئاشۇنداق ماتېرىياللارنى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان، تەبىئىي-پەنچىلەر يازغان ماتېرىياللارنى ئانچە كۆرۈپ باقمىغان قېرىنداشلارغا مەن تەييارلىغان ماقالىلەر بىر ئاز نورمالسىزدەك تۇيۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، غەرب ئەللىرىدە بىر ئاز ياشاپ باققان، ھەمدە ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان ئىسلامغا ئائىت ماتېرىياللاردىن بىر ئاز خەۋىرى بار قېرىنداشلارغا مېنىڭ يازغانلىرىم ئاساسەن نورمالسىز تۇيۇلمايدۇ. مەن بەزى قېرىنداشلاردىن ئۇلارنى كۆنۈپ قالغان قېلىپقا چۈشمەي قالغان نەرسىلەرگە يېنىكلىك بىلەن باھا بەرمەسلىكنى سورايمەن.

= ================= =

ئىلتەر ئۇكام،

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە بۇ يەردىكى «باشقا دىن» مۇقەددەس كىتابى ۋە ھەققىي ئەقىدىسى (theology) بار بولغان دىنلارغا قارىتىلغان.

ئەرەبلەرگە ماقالىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بېرىلگەن باھالار 1-مەنبەدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھەققەتەنمۇ ياسىر قازىنىڭ باھاسىغا ئازراق ئوخشىماي قاپتۇ. ئەگەر سىز «ئۆمەر خەلىپە» دېگەن كىنونى كۆرسىڭىز، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرگە بۇ ئىككى گورۇپپا سۈپەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن ئىنگلىزچە سۆز «privilege» بولۇپ، ئۇنىڭ يۇلغۇن لۇغىتىدىكى ئىزاھاتى « ئىمتىياز، ئالاھىدە ھوقۇق، شەرەپ» ئىكەن. سىزچە قايسى سۆزنى ئىشلەتسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولار؟ مەسىلەن، «ئالاھىدە ئىمتىياز» دېمەي، «ئېتىبار» دەپلا ئالساق ياخشىراق بولارمۇ؟

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە «ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەر يېزىش بىلەن ئوقۇشنى بىلمىگەن» دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ «ئۇلاردا خەت يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان ئادەملەردىن بىرسىمۇ بار بولمىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، كېيىن خەلىپە بولغان بىر قانچە ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى خەت يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى بىلەتتى.

= ================== =

ئەسسالامۇئەلەيكۇم نۇرجۇلا ئۇكام:

مەن ئالدى بىلەن سىزنىڭ مەزكۇر تېمىغا قارىتا كۆپلەپ ۋاقىت چىقىرىپ، ئىجابىي ۋە قىممەتلىك ئىنكاسلارنى يېزىپ ئاتقانلىقىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ياسىر قازىنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابى ھەققىدە مېنىڭ بۇرۇن يازغىنىم مۇنداق:

http://bbs.misranim.com/thread-123375-1-1.html

مەن ئۇنىڭغا جەمئىي 3 قېتىم فېيىسبۇك (Facebook) تا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئېلخەت ئادرېسىنى دەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق بىر ئۇچۇر يوللىۋېتىشىنى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن سورايدىغان بىر قانچە سوئالىم بارلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇ ماڭا ئېلخەت يازماي، مېنىڭ 3-ئۇچۇرۇمغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ فېيىسبۇك تېمىدا ماڭا بىر قىسقا ئۇچۇر قالدۇرۇپ، مۇنداق دەپتۇ: «مەن ئىنتايىن سۆيۈندۈم. ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. سىلەر ھازىر ئىنتايىن قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلدىڭلار – ئىرادەڭلارنى بوشاشتۇرماي، ئۆزۈڭلار ئىشىنىدىغان ئۆز زىيالىيلىرىڭلارنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىڭلار. مەن سىلەردىن ئىنتايىن يىراق يەردە ياشايمەن. مېنىڭ مەسلىھەتىم بىلەن مېنىڭ ئۇسلۇبۇم مەن ياشاۋاتقان زېمىندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» ياسىر قازىنىڭ بۇ خېتىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا پەتىۋا بېرىشتەك ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھېچ بولمىغاندا مەن ئاشۇنداق دەپ چۈشەندىم. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن پەتىۋا سورىماقچى ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولغان ئەڭ مۇھىم سوئالىم، ئۇنىڭ زۇبەيىر قەمەرنىڭ ماقالىسى بىلەن تېھران گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قانداق قارايدىغانلىقى ئىدى. مەن يەنە ئۇنىڭدىن مەكتەپ ئوقۇشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن دىن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش

**كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سورىماقچى ئىدىم. مەن ئۈمىدنى تېخى ئۈزۈۋەتمىدىم. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئىچىدىمۇ توختىماي ئۇ ياق، بۇ ياقلارغا بېرىپ، دوكلات بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش پۇرستى چوقۇم چىقىدۇ، دەپ ئويلايمەن.**

**مېنىڭ بىلىشىمچە ئىسلام ھەرگىزمۇ ئاياللارنىڭ يۈزىنىمۇ يېپىۋېلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىنىڭ كىنوسىدىمۇ بۇ ئەھۋال ئېنىق كۆرسىتىلگەن. باغداشتىكى ئەزھەرى قېرىندىشىمىز مەن بىلەن ھەمكارلاشقان ئەزھەرى شۇ.**

**دېگەنلىرىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق بولۇپ، مەن سىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا قايىل بولدۇم، ھەم ئۇنىڭدىن تەسىرلەندىم.**

**ۋاقىت چىقىرىپ، تېمىغا مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىنكاسلارنى يازغىنىڭىزغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت!**

**ھەقىقەتەنمۇ ياسىر قازى ماقالىدىكى ئالىملار ئۈستىدە توختالغاندا، بەزىلىرىگە «مۇنداق مۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى» دەپ ئالدى. مەسىلەن، «ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇن باشقا بىر دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقىنىڭ پايدىسى»، دېگەندەك. بەزى ئالىملارنى بولسا «مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى» دەپ ئالدى. مەسىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى «ئەڭ مۇھىم سەۋەب» دەپ ئالدى. مەن بۇ نۇقتىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلالمىغان بولغاچقا، ياسىر قازىنىڭ قايسى ئالىملىنى نېمە دەپ ئالغانلىقىغا دىققەت قىلماپتىمەن. بۇ مېنىڭ خاتالىقىم بولۇپ، ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن. ياسىر قازى بۇنداق مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، «ھەممىنى بىلگۈچى بىرلا ئاللاھدۇر» دېگەن سۆزنى بەك كۆپ ئىشلىتىدۇ.**

= ==================== =

**ھۆرمەتلىك تېۋىپ ئەپەندىم،**

**مەن يازغان ھېلىقى جاۋاب ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان: (1) «مۇھەممەد پەيغەمبەر» دەپ ئالغىنىمنىڭ سەۋەبى. (2) ئىنكاسىمنىڭ تۆۋەندىكى قىسمى:**

**«ھازىرغىچە يېزىلغان ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە ماقالىلەردە ئەرەبچىدىن كىرگەن ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئاشۇنداق ماتېرىياللارنى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان، تەبىئىي-پەنچىلەر يازغان ماتېرىياللارنى ئانچە كۆرۈپ باقمىغان قېرىنداشلارغا مەن تەييارلىغان ماقالىلەر بىر ئاز نورمالسىزدەك تۇيۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، غەرب ئەللىرىدە بىر ئاز ياشاپ باققان، ھەمدە ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان ئىسلامغا ئائىت ماتېرىياللاردىن بىر ئاز خەۋىرى بار قېرىنداشلارغا مېنىڭ يازغانلىرىم ئاساسەن نورمالسىز تۇيۇلمايدۇ. مەن بەزى قېرىنداشلاردىن ئۆزلىرى كۆنۈپ قالغان قېلىپقا چۈشمەي قالغان نەرسىلەرگە يېنىكلىك بىلەن باھا بەرمەسلىكىنى سورايمەن. »**

**ئەسلىدە ئىنكاسىمنىڭ 2-قىسمىنى سىزگە قارىتا يازمىغان. بەزى تورداشلار مېنىڭ دىنغا ئائىت تېما يازغاندا سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلەتمىگەنلىكىمنى مەزمۇن قىلىپ ئىنكاس يېزىپتۇ. مەن ئەسلىدە ھەممە ئىنكاسلارغا بىراقلا جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە ھېلىقى جاۋابنى يازغان ئىدىم. ئەمما ئۇنى**

سىزنىڭ ئىنكاسىڭىزغا جاۋابەن چاپلىغىنىم ھەقىقەتەنمۇ جاۋابىمنىڭ 2-قىسمىمۇ سىزگە قارىتا يېزىلغاندەك تەسىر بېرىپ قويۇپتۇ. مەن بۇ سەۋەنلىكىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن – كەچۈرۈڭ.

قىسقىسى، مېنىڭ جاۋابىمنىڭ 2-قىسمى باشقىلارغا قارىتىلغان. شۇڭا خاپا بولماڭ.

ئاخىرىدا ياخشى تەكلىپلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

= ====================

ۋەئەلەيكۇم-ئەسسالام ئازىز ئۇكام،

مەن ئالدى بىلەن سىزنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ، ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇنداق پايدىلىق ئۇچۇر-ئىنكاسلارنى تەقدىم قىلىۋاتقىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن مەزكۇر ماقالىنى بىر ئىنتايىن جىددىي شارائىت ئىچىدە ۋە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ چىققان ئىدىم (مەزكۇر يازمىنى يوللاپ بولۇپلا مەن چەت ئەلگە 2 ھەپتىلىك سەپەرگە چىقىپ كېتىپ، ئۇ سەپەردىن تېخى ئالدىنقى پەيشەنبە كۈنى قايتىپ كەلدىم). شۇڭا مەن يازمىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئىشلەتكەن سۆزلەر ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىدىكى سۆزلەرگە ماس كەلمەي قاپتۇ. شۇڭلاشقا مەن سىزدىن ۋە باشقا ئوقۇرمەنلەردىن سۆز ئىشلىتىشتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ياسىر قازىدىن كۆرمەي، مەندىن كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەزكۇر يازمىنىڭ 71-قەۋىتىدىكى ئىنكاسىمدىمۇ ئازراق توختالغان ئىدىم.

يەنى، ياسىر قازى بۇ قېتىمقى لېكسىيىسىگە «نېمە ئۈچۈن ئەرەب؟» دېگەن تېمىنى قويغان بولۇپ، لېكسىيىنىڭ ئىچىدە مۇنداق 3 تۈرلۈك سۆز شەكلىنى ئىشلىتىدۇ:

(1)The benefit of this is

بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى (بۇ سۆز شەكلى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن)

(2) From this we can derive the following wisdom

بىز بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ھېكمەتنى يەكۈنلەپ چىقىرالايمىز (بۇ سۆز شەكلى ئازراق يەردە ئىشلىتىلگەن)

(3) The reason for doing so is

بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب (بۇ سۆز شەكلى ئەڭ ئاز ئىشلىتىلدى)

مەن بۇنىڭدىن كېيىن ياسىر قازىنىڭ قايسى يەردە قايسى سۆز شەكلىنى ئىشلەتكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن. مەزكۇر ماقالىدىكى يېتەرسىزلىكلەر مەسىلىسىدە مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

قوشۇمچە:

سىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە «ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن

**نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ» دېگەن جۈملە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسى مۇنداق دەپ ئېلىنغان:**

**«And they will never compass anything of His Knowledge except that which He wills. »**

**يەنى، بۇ ئىنگلىزچە جۈملىدە «(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن)» دېگەن سۆز يوق. مەن قۇرئاننىڭ ئەرەبچە نۇسخىسنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان قېرىنداشلاردىن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىشنى سورايمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ھازىر بايقىلىۋاتقان يېڭىلىقلار ئاساسەن «پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەر» ئەمەس. مەسىلەن، مەن ئالدىنقى تېمامدا بىر گۇرۇپپا ئالىملارنىڭ NASA ياسىغان نيۇستار ئالەم تېلېسكوپىدىن پايدىلىنىپ، بىر يېڭى نېيترون يۇلتۇزى (پۇلسار) نى بايقىغانلىقى، ئۇنىڭ نۇرى قۇياشنىڭ نۇرىدىن 10 مىليون ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايان قىلدىم. مېنىڭچە بۇ بايقاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن نەرسە ئەمەس بولۇپ، بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ.**

# چۆش ۋە چۆش ئۆرۈش ھەققىدە

**2014-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى**

نۇرغۇن كىشىلەر چۈش ۋە ئۇنىڭ پىشىمگە ناھايىتى قىزىدۇ. مەن يېقىندا ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئىزدەش جەريانىدا، ئۇنىڭ 2014-يىلى 3-ئاپرېل كۈنى تورغا چىقارغان، چۈش ۋە ئۇنىڭ پىشىمى ھەققىدىكى بىر لېكسىيىسىنى ئۇچۇرتۇپ قالدىم [1]. ھەممە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىنتايىن ياخشى كۆردۈم. باشقا قېرىنداشلارنىڭمۇ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. ياسىر قازى بۇ لېكسىيىنى ئۆزى پروفېسسورلۇق قىلىۋاتقان ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپ «ئەلمەغرىب ئىنستىتۇتى» [2] دا دەرس قىلىپ سۆزلىگەن ئىكەن. مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان سىن ھۆججىتى جەمئىي 25 مىنۇتلۇق بولۇپ، ئۇ بىر قېتىملىق دەرسنىڭ باشلىنىش قىسمى ئىكەن.

مېنىڭ تۆۋەندە تونۇشتۇرىدىغىنىم ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ كۆز-قارىشىنى قوشماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قوشۇپ قويىمەن. ماقالە مەزمۇنىنىڭ سىستېمىلىق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەن بەزى جايلاردا ياسىر قازى لېكسىيىسى مەزمۇنىنىڭ تەرتىپىنى ئازراق ئۆزگەرتتىم.

چۈش ئىنتايىن مۇھىم. بىز قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى مەزمۇنلاردىن چۈشنىڭ تۆۋەندىكىدەك 3 مەنبەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز: ئاللاھ، شەيتان، ۋە ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرى. شۇڭا چۈشنىڭ 3 خىل كاتېگورىيىسى بار.

## 1. ئاللاھدىن كېلىدىغان چۈش

ئۇنىڭ بىرى ئاللاھدىن كېلىدىغان چۈش بولۇپ، پەيغەمبەرلەر كۆرىدىغان چۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھدىن كەلگەن بولىدۇ. ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، پەيغەمبەرلەر كۆرىدىغان چۈشلەر پەقەت ئاللاھدىن كەلگەن چۈشلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قالغان ئىككى خىلدىكى چۈشلەرنى كۆرمەيدۇ. يەنى ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى قالغان ئىككى خىل چۈشلەردىن ساقلايدۇ. شۇڭلاشقا پەيغەمبەرلەر كۆرگەن ھەر بىر چۈش ئاللاھدىن كەلگەن ۋەھيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربان قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنداق چۈشلەر پەقەت پەيغەمبەرلەرگىلا تەۋە ئەمەس بولۇپ، بۇ خىلدىكى چۈشلەرنى پەيغەمبەر ئەمەس كىشىلەرمۇ كۆرىدۇ.

ئاللاھ ئاتا قىلغان چۈش ھەر ۋاقىت چوقۇم ئىجابىي چۈش بولىدۇ. ئۇنداق چۈشلەر چوقۇم بىر خىل ياخشى خەۋەرنى مەزمۇن قىلغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۇنداق چۈشلەرنى كۆرگەندە، چۈشىڭىزدىن قورقۇپ ئويغىنىپ كەتمەيسىز. بۇنداق چۈشلەر خوش-خەۋەر، كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان ئۇچۇر، ياكى

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

بۇنداق چۈشلەرنىڭ بىر ئالامىتى شۇكى، سىز ئاشۇنداق چۈشتىن بىرنى كۆرۈپ بولۇپ ئويغانغاندا، ئۇ چۈش سىزگە خۇددى ھازىرلا يۈز بەرگەن ئەھۋالدەك تۇيۇلىدۇ. سىز بۇنداق چۈشتىن قورقۇپ كەتمەيسىز. ئەگەر سىز كۆرگەن بىر چۈش قورقۇنۇچلۇق بولىدىكەن، ئۇ ئاللاھدىن كەلگەن چۈش بولماستىن، شەيتاندىن كەلگەن چۈش بولىدۇ.

ئاللاھدىن كېلىدىغان چۈشلەرنىڭ ئىككى خىلى بار. ئۇنىڭ بىرى مۇنداق: ئۇ چۈشنىڭ ئىچىدە سىز ئۆزىڭىز بار بولىسىز، ھەمدە ئۇ چۈشتە بولغان ئىشلار رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئىشلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق سىمۋولىزىم بار بولمايدۇ. سىز ئۇنداق چۈشلەردە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بىر ئىشنى كۆرىسىز. مەسىلەن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرىيە كالېندارىنىڭ 6-يىلى مەدىنىدە تۇرۇپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلغان چۈشتىن بىرنى كۆرىدۇ. بۇ چۈش سىمۋوللۇق چۈش ئەمەس بولۇپ، ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبىرىمىزگە «سەن كۆرگەن بۇ چۈش راست چۈش بولۇپ، سەن چوقۇم مەككىگە بارىسەن»، دەيدۇ. بۇنداق چۈش ئادەتتىكى كىشىلەرگە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، پەيغەمبەرلەرگە بولسا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئائىشە ئانىمىزنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئاللاھ قۇرئاننى ۋەھيي قىلىپ چۈشۈرۈشكە ساق 6 ئاي قالغان كۈندىن باشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى ئاخشىمى مۇشۇ خىلدىكى چۈشلەرنى كۆرىدۇ. بۇنداق چۈشنى كۆرۈش بىرەر كۈنمۇ توختاپ قالمايدۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەتىسى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى چۈشىدە كۆرىدۇ. چۈشىدە بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشكەن بولسا، ئەتىسى ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بىر مۇھىم ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالدىن بىشارەت بەرگىنىدۇر. ئاللاھنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن، سۈرىلەرنىڭ ۋەھيي قىلىنىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگىنىدۇر.

ئاللاھدىن كېلىدىغان 2-خىلدىكى چۈشتە سىمۋولىزىم بار بولىدۇ. بۇ خىلدىكى چۈشلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇنداق چۈشلەرنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەر ئىككىسى كۆرىدۇ. سىز بۇنداق چۈشتە كۆرگەن ھەر بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ رىۋايىتىدە، بىر سېمىز كالا بىر مول-ھوسۇللۇق يىلغا ۋەكىللىك قىلىپ، بىر ئورۇق كالا بولسا بىر قۇرغاقچىلىق يىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل چۈشتە كۆرگەن بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ خىلدىكى چۈشلەردە كۆرگەن ھەر بىر نەرسە، ھەر بىر رەڭ، ھەر بىر ھايۋان، ھەر بىر كۆرۈنۈش، ھەر بىر ئۆسۈملۈك، ۋە ھەر بىر جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى باشقا مەلۇم بىر نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## 2. ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كېلىپ چىقىدىغان چۈش

ئىككىنچى خىلدىكى چۈش ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كېلىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز مەلۇم بىر تىپتىكى ئېسىل ماشىنىدىن بىرنى ئېلىشنى پىلانلاپ، كۈندۈزى ئاشۇ ئىشنى ناھايىتى كۆپ خىيال قىلسىڭىز، ئۇخلىغاندا ئاشۇ ماشىنىدىن بىرنى ھەيدەپ چۈش كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. چۈشنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار بار. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇشۇ 2-خىلدىكى چۈش ھەر كۈنى ئاخشىمى يۈز بېرىدىكەن. بىز ئاخشىمى ئۇخلىغاندا بىر قانچە

باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە ھەممە ئادەملەر چۈش كۆرىدۇ. 2-خىلدىكى چۈشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سىز ئەمدىلا ئويغانغاندا كۆرگەن چۈشىڭىز سىزگە خۇددى ھازىرلا يۈز بەرگەن ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بۇنداق تۇيغۇ 5 مىنۇتتىن كېيىنلا پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكى چۈشلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنداق چۈشلەرگە تاشقىي ئىمپۇلسلار تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن، سىز ئۇخلاۋاتقاندا بىرسى سىزنىڭ يۈزىڭىزگە سۇ قۇيسا، سىز چۈشىڭىزدە بىر دەريا ياكى كۆلنىڭ سۈيىدە غەرق بولۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. سىز ئۇخلاۋاتقاندا بىرسى سىزنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىسمىڭىزنى چاقىرسا، ئۇمۇ سىزنىڭ چۈشىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇنداق چۈشلەرنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىڭىز كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق چۈشنىڭ ئالاھىدىلىكى، سىز ئۇنى ئويغىنىپ 5 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كېتىسىز.

## 3. يامان چۈش ياكى قارا بېسىش

ئۈچىنچى خىلدىكى چۈش يامان چۈش ياكى قارا بېسىش بولۇپ، ئۇنداق چۈشلەرنى شەيتان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنداق چۈشلەرنىڭ بىر ئالامىتى شۇكى، ئۇلار سىزنى قورقۇتىدۇ. سىز بۇنداق چۈشتە رەزىل ئىشلارنى كۆرىسىز. ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان ئىشلارنى كۆرىسىز. بىرەر يېقىن قېرىندىشىڭىزنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگىنىنى كۆرىسىز. بىرەر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچرايسىز. سىزنى بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان قوغلايدۇ. بۇ خىلدىكى چۈشلەرنى شەيتان سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈش ياكى سىزنىڭ چىشىڭىزغا تېگىش ئۈچۈن ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى چۈشلەردە كۆرۈلگەن ئىشلار ئەمەلىيەتتە زادىلا يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق چۈشلەرگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەسلىك كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامان چۈش كۆرگەندە ياكى قارا باسقاندا ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمەسلىكنى ئېيتقان. بۇنىڭ سەۋەبى، شەيتاننىڭ بۇنداق چۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىكى سەۋەب سىزنى ئەخمەق قىلىپ ئويناشتىنلا ئىبارەتتۇر.

بىر قېتىم بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، «مەن ئاخشام مۇنداق بىر چۈش كۆردۈم: بىر ئادەم مېنىڭ كاللامنى كېسىۋەتكۈدەك. يەرگە چۈشكەن كاللام مېنىڭ ئالدىمدا دومىلاپ قاچقۇدەك، مەن بولسام ئۆزەمنىڭ كاللىسىنى ئارقىسىدىن قوغلىغۇدەكمەن.» شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاخشام شەيتاننىڭ سەن بىلەن قانداق ئوينىغانلىقىنى باشقىلارغا دەپ يۈرمە.» بۇنداق چۈشلەرنىڭ بىر ئالامىتى، سىز چۈش كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ناھايىتى قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىسىز. تەرلەپ كېتىسىز.

شەيتان بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلمەيدۇ. شۇڭا شەيتان سىزنى قارا باستۇرغاندا سىز چۈشىڭىزدە كۆرگەن ئىشلار ھەرگىزمۇ ئەتىسى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمەيدۇ. ئەگەر سىز چۈشىڭىزدە بىر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ئەتىسى راس شۇنداق بولارمىكىن، دەپ ئىشقا بارمىسىڭىز، سىز دەل شەيتاننىڭ دامىغا چۈشكەن بولىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا سىز شەيتانغا ئىشەنگەن بولغاچقا، ئۇ سىزنى زاڭلىق قىلىدۇ. بىز بۇنداق چۈشلەرگە ھەرگىزمۇ پىسەنت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى سىزنى قارا بېسىپ، چۈشىڭىزدە كۆرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇنداق چۈشلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىش ئېھتىماللىقى نۆلگە تەڭ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق چۈشلەرگە ئىشەنسىڭىز،

شەيتان غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سىزنى قارا بېسىپ، شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كېتىدىكەنسىز، ئاللاھدىن پانا تىلىشىڭىز كېرەك. سىز بېشىڭىزنى سولغا بۇراپ، «تۇف» قىلىپ بىرنى تۈكۈرىۋەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ خىل تۈكۈرۈشتە سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن تۈكۈرۈك چىقمايدۇ. سىز پەقەت راست تۈكۈرگەندەك قىلىقنىلا قىلىسىز. يەنى ئاغزىڭىزدىن ئاۋاز چىقىدۇ، ئەمما تۈكۈرۈك چىقمايدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت، شەيتاننى قوغلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا، ئەگەر سىز سول تەرىپىڭىزنى كۆرپىگە قويۇپ ئۇخلىغان بولسىڭىز، قارا باسقانلىقتىن ئويغىنىپ كېتىپ، قايتا ئۇخلىغان ۋاقتىتا سىز بىر قېتىم ئۆرۈلۈپ، ئوڭ تەرىپىڭىزنى كۆرپىگە قويۇپ ئۇخلاڭ. بۇنىڭ سەۋەبى، شەيتان سىزنى قارا باستۇرغاندا، ئۇ سىزنىڭ ئۇستىڭىزگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. سىز «ئەيزۇبىنلا» دەپ ئۆرۈلسىڭىز، شەيتان قېچىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەھۋال بەك ئېغىر بولىدىكەن، سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋېتىڭ. شۇنداقلا، كۆرگەن چۈشىڭىزنى ھېچ كىمگە دېمەڭ. ئايالىڭىز، ئېرىڭىز، يېقىن دوستىڭىز ياكى تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ھېچ قايسىسىغا دېمەڭ. بۇنداق چۈشلەرنى باشقىلارغا دېيىشكە زادىلا بولمايدۇ.

بىرسى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ چۈش كۆرگەن بولسىڭىز، بۇنداق چۈشنىمۇ شەيتان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. بۇنداق چۈشلەرنى كۆرۈش گۇناھ ئەمەس. ئەمما، ئىسلام قانۇنىنىڭ تەلىپى شۇكى، ئەگەر سىز ئاشۇنداق چۈشتىن بىرنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئويغانغاندا سىز چوقۇم بىر قېتىم تەرەت ئېلىۋېتىشىڭىز كېرەك. قانداق چۈشلەرنى كۆرۈشنى سىز ئۆزىڭىز كونترول قىلالمايسىز. شۇڭا مۇشۇنداق چۈشلەرنى كۆرۈش گۇناھ ئەمەس. شۇنداقلا، بۇنداق چۈشلەرنى شەيتان كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، پەيغەمبەرلەر بۇنداق چۈشلەرنى كۆرمەيدۇ. ئادەتتىكى كىشلەرنىڭ بۇنداق چۈشلەرنى كۆرۈشى بىر خىل تەبىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق چۈشلەرنىمۇ شەيتان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولغاچقا، بىز ئۇلارنى باشقىلارغا دەپ يۈرسەك بولمايدۇ.

## 4. چۈشنى ئۆرۈش مەسلىسى

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، ئاللاھدىن كېلىدىغان 2-خىلدىكى چۈشتە سىمۋولىزم بار بولىدۇ. چۈشتە كۆرگەن بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنداق چۈشلەرنى ئۆرۈش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇنداق چۈشلەرنى ھەممە ئادەم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مانا بۇ چۈشنى توغرا ئۆرۈپ بېرىش مەسلىسىدۇر.

نۇرغۇن كىشلەر چۈش ئۆرۈشنى بىرەر كىتابقا قاراپ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەت بولسا ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. سىز ھەرگىز چۈش ئۆرۈش ھەققىدىكى بىرەر كىتابنى ئوقۇپ قويۇپلا، چۈشنى توغرا ئۆرۈپ بېرەلمەيسىز. نۇرغۇن ئىسلامغا ئائىت كىتابلار قويۇلغان كىتابخانىلاردا «چۈش ئۆرۈش لۇغىتى» ياكى «چۈش ئۆرۈش قامۇسى» دېگەنگە ئوخشاش ئىسلام دىنى كىتابلىرى بار. مەسىلەن، ئىبىن سىرىننىڭ نامىدا نەشر قىلىنغان مۇشۇنداق كىتابتىن بىرسى بار. ئەمما، ئىبىن سىرىن ئۇنداق كىتابتىن بىرەرنى يېزىپ باققان ئەمەس. ئىبىن سىرىن ۋاپات بولۇپ، 700 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا كىشلەر ئۇنىڭ نامىدا ئاشۇنداق كىتابتىن بىرنى تەييارلاپ باستۇرغان. سىز ھەرقانداق بىر ئىسلام كىتابخانىلىرىغا بارسىڭىز، چۈش ئۆرۈش ھەققىدىكى كىتابلاردىن بىرەرنى چوقۇم تاپالايسىز.

**مۇنداق بىر ئىشنى ناھايىتى ئوچۇق جاكارلاشقا بولىدۇ: چۈش ئۆرۈش بىر باشقىلارغا ئۆگەتكىلى بولىدىغان ئىلىم ئەمەس. ئۇنى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ئۆگىتەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھ تاللىغان كىشىلەرلا ئۆگىنەلەيدىغان بىر قانچە ئىلىم بار بولۇپ، چۈش ئۆرۈش بولسا شۇلارنىڭ بىرىدۇر. مەن مەدىنىدە 10 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇدۇم. ئالىي مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئىچىدە فىقھ (ئىسلام قانۇنلىرى)، ھەدىس ۋە ئەقىدە قاتارلىق پەنلەر ھەققىدىكى دەرسلەر بار. ئەمما چۈش ئۆرۈشنى ئۆگىتىدىغان دەرسلەردىن بىرەرسىمۇ يوق. چۈش ئۆرۈش ھەققىدە كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتىدىغان دەرسلەرمۇ يوق. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، چۈش ئۆرۈش كىتاب قىلىپ يازغىلى بولىدىغان ئىلىم ئەمەس. پەقەت ئاللاھ تاللىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇ ئىشنى قىلالايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ بىر ئايەتتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چۈش ئۆرۈشنى ساڭا مەن ئۆگەتتىمەن.» شۇڭلاشقا، بەزى كىشىلەر چۈشلەرنى ئۆرىيەلەيدۇ، بەزى كىشىلەر بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ. سىز ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئاشۇنداق بىر قابىلىيەتنى ئاللاھدىن تىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەمما سىز ئۇنى بىرەر كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆگىنەلمەيسىز. چۈش ئۆرۈش فىقھى، ھەدىس ۋە دورىگەرلىك قاتارلىق پەنلەرگە ئوخشىمايدۇ.**

**چۈش ئۆرۈش بىر خىل رېئال نەرسە بولۇپ، پەيغەمبەرلەر، بولۇپمۇ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ خىل قابىلىيەتكە تولۇق ئىگە بولغان. مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ئىلىمگە تولۇق ئىگە بولغان.**

**بىر ئادەم چۈشلەرنى توغرا ئۆرۈپ بېرەلەمدۇ-يوق، بۇنى قانداق بىلەلەيمىز؟ بۇنى بىز بۇرۇنقى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن بىلەلەيمىز.**

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزدىن ئاللاھدىن كەلگەن ياخشى چۈشلەرنى كۆرگەندە، ئۇنى پەقەت ئۆزىمىز ئىشىنىدىغان يېقىن كىشىلىرىمىزگىلا ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ياخشى چۈشنى باشقىلار ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى ياكى كۆرەلمەسلىكى قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار بار.**

**سىز ياخشى چۈشلىرىڭىزنى يېقىنلىرىڭىزغا دېگەندە، ئەگەر سىز ئۇلارنى قانداق ئۆرۈشنى بىلمىسىڭىز، ھەرگىزمۇ يېقىنلىرىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ چۈشنى ئۆرۈپ بەرمەڭ. سەۋەبى، بۇنداق ئەھۋالدا چۈشنى خاتا ئۆرۈپ قويۇش خەۋپى بار. بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆرۈپ بەرمىگەن چۈش بىر دانە ئۈچۈپ يۈرگەن قۇشقا ئوخشايدۇ، ئۆرۈپ بەرگەن چۈش بولسا، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قۇشقا ئوخشايدۇ. چۈشلەرنى چوقۇم چۈش ئۆرۈشكە سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرلا ئۆرۈپ بېرىشى كېرەك. سىز چۈشىڭىزنى يېقىنلىرىڭىزغا دېسىڭىز بولىدۇ. ئەمما سىزنىڭ يېقىنلىرىڭىزنىڭ چۈش ئۆرۈشكە سالاھىيىتى توشمايدىكەن، ئۇلار چۈشىڭىزنى ئاڭلاپلا قويۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۆرۈپ بەرمەسلىكى كېرەك.**

**يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بۇرۇنقى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، كىمنىڭ چۈش ئۆرۈشكە شەرتى توشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. سىز ئاللاھقا قانچە يېقىن بولسىڭىز، سىزنىڭ چۈشنى توغرا ئۆرۈپ بېرىش قابىلىيىتىڭىزمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەرلەردىن باشقا كىشىلەر چۈشلەرنى يۈزدە-يۈز توغرا ئۆرۈپ بېرەلمەيدۇ. پەقەت پەيغەمبەرلەرلا چۈشلەرنى يۈزدە-يۈز توغرا ئۆرۈپ بېرەلەيدۇ. سەرئى بۇخارىدىكى بىر ھەدىستە مۇشۇنىڭغا ئائىت بىر مەزمۇن بار. يەنى، بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئۆزىنىڭ بىر چۈشنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقان ھامان، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھېلىقى چۈشنى ئۆزىنىڭ ئۆرۈپ**

بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى «ماۋۇ نەرسە ماۋۇ نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاۋۇ نەرسە ئاۋۇ نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ ھېلىقى چۈشنى ئۆرۈپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «مېنىڭ ئۆرىگىنىم توغرا بولدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا «بەزى جايلىرى توغرا بولدى، يەنە بەزى جايلىرى بولسا توغرا بولمىدى»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دېمەك، ھەزرىتى ئابۇ بەكردەك ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ بىر چۈشنى توغرا ئۆرۈپ بېرەلمىگەن تۇرسا، بىز باشقا ئىنسانلاردىن بىر چۈشنى يۈزدە-يۈز توغرا ئۆرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلالمايمىز.

چۈش ئۆرۈشنى كىتابتىن ئۆگەنگىلى بولماسلىقنىڭ بىر سەۋەبى، ئوخشاش بىر سىمۋول ئوخشىمىغان جەمئىيەت، ئوخشىمىغان مىللەت، ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردە ئۆز-ئارا ئوخشاشمايدىغان نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سىز بىر كىتابنى ئېچىپ، مەلۇم بىر سىمۋولنىڭ نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالمايسىز. مەسىلەن، بىر جاڭگالدا تۇرىۋاتقان ئادەمنىڭ چۈشىدىكى بىر دانە تاۋۇز سۇ ۋە ھاياتلىق قاتارلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. ئەمما شەھەردە ياشاۋاتقان بىر ئادەم چۈشىدە كۆرگەن بىر تاۋۇز بولسا ئۇنداق نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلماسلىقى مۇمكىن. قىسقىسى، سىمۋول مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا بىرەر ئۇنىۋېرسال «چۈش ئۆرۈش قامۇسى» نىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈش ئۆزىڭىزگە تەۋە نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان جايدىكى چۈش ئۆرۈشكە سالاھىيىتى توشىدىغان بىر كىشىگە دەپ، ئۇنىڭدىن چۈشىڭىزنى ئۆرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ. ئەمما باشقا بىر جاي ياكى باشقا بىر جەمئىيەتتىكى كىشىدىن ئۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، سىز توغرا جاۋابقا ئېرىشەلمەيسىز.

بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھدىن كېلىدىغان چۈشتىن باشقا ئىشلار پەيغەمبەرلىكنىڭ سىرتىغا تەۋە ئەمەس بولۇپ، ئۇنداق چۈشلەر پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 دەن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. » بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بىر پەيغەمبەر بولۇش ئۈچۈن، سىز جەمئى 46 ئىشنى قىلىسىز. ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقىي چۈشلەرنى كۆرۈشتىن ئىبارەت. قالغان 45 ئىش پەيغەمبەر ئەمەس كىشىلەر ياكى ئىنسانلار قىلىدىغان ئىشلار ئەمەس بولۇپ، پەيغەمبەرلەرلا قىلىدىغان ئىشتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى جىبرىئىلنىڭ چۈششى، يەنە بىرى بولسا پەرىشتىلەر بىلەن كۆرۈشۈش قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئىشلارنى بىز بىلمەيمىز. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ 46 ئىشنى قىلىدۇ. قالغان 45 ئىشنىڭ ئىشكى ئىنسانلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت بىر ئىشنىڭ ئىشكىلا ئىنسانلار ئۈچۈن ئوچۇق. ئۇ ئىش بولسا ياخشى چۈشلەرنى كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق نىسبەت نەدىن كەلگەن؟ ئۆلىمالارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىشنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا قاراپ باقساق بولىدۇ. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى جەمئى 23 يىل ئىچىدە ۋەھيي قىلىپ چۈشۈرۈپ بولغان. يەنى، مەدىنىدە 10 يىل، مەككىدە 13 يىل شۇنداق قىلغان. ھەمدە ۋەھيىنىڭ چۈشۈشىگە دەل 6 ئاي ۋاقىت قالغان كۈندىن باشلاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى ئاخشىمى راست چۈشلەرنى كۆرگەن. ئالتە ئاي دېگىنىمىز يېرىم يىلغا ياكى 0.5 يىلغا تەڭ بولۇپ، 23 يىلنى 0.5 يىلغا بۆلسەك، دەل 46 گە تەڭ بولىدۇ. يەنى، 23/0.5 = 46/1. بۇ يەردىكى «/» بۆلۈش بەلگىسىدىن ئىبارەت.

ياسىر قازى لېكسىيىسىنىڭ مەزكۇر سىن ھۆججىتى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ياسىر قازى بۇ مەزمۇننى

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى ھەققىدىكى بىر لېكسىيىنىڭ باش قىسمىدا سۆزلىگەن ئىكەن.

## قوشۇمچە 1: مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىم كۆرگەزمىسى

بىرلەشمە خەۋەر ئاگېنتلىقى (Associate Press) نىڭ 2014-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنى خەۋەر قىلىشىچە، يېقىندا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۇبەي شەھرىدە بىر مۇسۇلمان ئاياللىرى ئۈچۈن لاھىيلەنگەن كىيىملەرنىڭ كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن [3]. بۇ كۆرگەزمىگە ئامېرىكىدىن مالايسىياغىچە بولغان نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن مېھمانلار قاتناشقان. بۇ قېتىمقى پائالىيەت مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ زامانىۋىلىققا ماسلىشىش يولىدا ئالغان بىر يېڭى قەدىمى بولۇپ، مەزكۇر خەۋەردە دېيىلىشىچە ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بۇنداق كىيىملەرگە بولغان قىزىقىشى زور دەرىجىدە كۆچىيىۋېتىپتۇ. ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ لوس ئانژېلىس شەھرىنىڭ ئۆزىدىلا ئالدىنقى 3 ئاي ئىچىدە مۇشۇنداق كىيىمدىن 4000 قۇر كىيىم سېتىلىپتۇ. مەن ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئاشۇ كۆرگەزمىنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلگەن رەسىملەردىن بىر قانچە پارچە قوشۇپ قويدۇم.




Cali|York
PHOTOGRAPHY











## قوشۇمچە 2: ياسىر قازىنىڭ سوئالى

ياسىر قازى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۆزىنىڭ فېيسبۇك ئۇچۇر سەھىپىسىگە بىر ئۇچۇر يوللاپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم سوراپتۇ. يەنى ئۇ ھازىر مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان زامانىۋى ئەقىدەشۇناسلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە بىر قاتار لېكسىيىلەرنى سۆزلىمەكچى بولۇپتۇ. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى ئەقىدەشۇناسلىق ئەسەرلىرىدە، كىشىلەر ئاللاھ، تەقدىرشۇناسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان. بۈگۈن مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر بولسا «ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىز قانداق بىلىمىز؟»، «ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟» ، «ئاللاھ شۇنچە مېھرىبان بولسا، يەنە نېمە ئۈچۈن دېڭىز قۇيۇنلىرى، سۇنامىلار (دېڭىز تاشقىنى) ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر يۈز بېرىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ياسىر قازى تۆۋەندىكى سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىپ باقماقچى ئىكەن: «ھازىر مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ سورايدىغان زامانىۋى ئەقىدەشۇناسلىققا ئائىت سوئاللار قايسىلا؟» مەن ئەسلىدە بۇ ئىشنى تورداشلارغا مۇشۇ يازما ئارقىلىق خەۋەر قىلىپ، ئاندىن چۈشكەن جاۋابلارنى خۇلاسىلاپ، ياسىر قازىنىڭ فەيسبۇك سەھىپىسىگە يېزىپ قوياي، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بۇ چاقىرىققا ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرغان بولۇپ، ياسىر قازى جاۋاب يىغىشنى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. گەرچە بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن تورداشلارنى مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە بۇ مەزمۇننى قوشۇپ قويدۇم.

## مۇراجىئەت:

دىندىن ياخشى خەۋىرى بار، ھەمدە ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان تورداشلاردىن مەزكۇر ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە بىر ئىش، مەن بۇ قېتىم مەزكۇر ماقالىنى دىندىن ياخشى خەۋىرى بار بىرەر يېقىنىمغا كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. شۇڭلاشقا تورداشلارنىڭ ماقالىدا كۆرۈلگەن خاتالىقلار ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت!

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**[1] what are Dreams and their interpretations by Yasir Qadhi**
**https://www.youtube.com/watch?v=EADC4rzHPYc**

**[2] Almaghrib Institute**
**http://almaghrib.org/**

**[3] Make Way For The Muslim 'Hijabi Hipsters'**
**http://www.huffingtonpost.com/2014/10/09/hijabi-hipsters_n_5961154.html**

ۋەئەلەيكۇم ـ ئەسسالام! تۆزىتىش بەرگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت!
1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېلىقى چۈشلەرنى كۆرگەندە ھەقىقەتەنمۇ خەدىچە بىلەن بىللە ياشايدىكەندۇق. بۇ يەردە دېيىلگىنى بۇ ئىشنى كېيىنچە ئائىشە ئانىمىز رىۋايەت قىلغانىكەن.
مەن سىزنىڭ قالغان 2 تەكلىپىڭىزنىڭ ھەر ئىككىسىنى قوبۇل قىلىمەن. ياخشى تەكلىپىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت! مەن ماقالىنى تۈزۈتىپ قويدۇم.

ۋەئەلەيكۇم ـ ئەسسالام سىڭلىم ، مەن بۇ سوئالىنىڭ جاۋابىنى بىلمەيدىكەنمەن. مەن ئۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باقاي.

ۋەئەلەيكۇم ـ ئەسسالام ئۇكام!
مېنىڭ ئاشۇنداق چايلارنى قانچىلىك سىڭدۈرگەنلىكىمنى باشقىلار ئانچە تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ھەر ھالدا چېيىڭىزنى ئىچكەندەك بولدۇم. رەھمەت.
ساياھەتلەر ھەققىدىكى تېما ئىشىدا مەن ئۆز ئىمكانىيىتىمگە قاراپ باقاي. بۇ ياخشى تەكلىپىڭىز ئۈچۈنمۇ سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ۋەئەلەيكۇم ـ ئەسسالام ئۇكام!
خېتىڭىزنى بۇ قېتىم تاپشۇرۇپ ئالدىم. سىز كېلەر يىلىنىڭ ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلىسىزغۇ، دەيمەن؟ ئامېرىكىنىڭ ئوقۇش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئىلتىماس قىلىش ۋاقتى مەكتەپكە قاراپ ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئادەتتە كېلەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرغىچە ئىلتىماس قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.
سىز تاللىغان مەكتەپلەرنىڭ تىزىمىنى ماڭدۇرۇڭ. مەن كۆرۈپ باقاي.
ئامېرىكىدا ئىقتىساد كەسپىدە چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئاسان مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەكتەپ تاللىغاندا ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بارمىكەن ـ يوقمىكەن شۇنىڭغا بەك دىققەت قىلىپ بېقىڭ. ھازىرغىچە بۇ كەسپتە ئوقۇش مۇكاپىتىغا ئېھتىياجلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تۈركىيەگە چىقىپ ئوقۇۋاتىدۇ.

= ======================== =

رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار قېرىندىشىم، ياخشى تىما يوللاپسىز. سىز ئۇيغۇرغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شەخس بولۇشىڭىز بىلەن يەنە تور دۇنياسىدا بىز قەۋمنى يېتەكلەش تەرەپدارىدا بولىۋاتىسىز. بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەشھۇرلارنىڭ تورغا كىرىشكە ۋاقتى يوق، بولسىمۇ نىمىشقىكىن كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتىمىز. سىزگە پاك ئالللاھتىن سىزگە ئىككى دۇنيالىق ئامانلىق سائادەتمەنلىك تىلەيمەن. لۇشۇننىڭ نىمىشقا

ئۈچ قېتىم كەسىپ ئالماشتۇرغانلىقىنى بەلكىم تورداشلار بىلىدۇ. بىزدىكى مەسىلە روھىيەتتىكى مەسىلە بولغاچقا بىز مەنىۋى يېتەكچىلەرگە نەقەدەر مۇھتاج! تاشپۇلات ئاكىمىز ۋە يەنە سىز مىسرانىمدىن ئايرىلمىدىڭلار. ئاللاھ ئەجرىڭلارنى بەرگەي! بولسا ياخشى تىملارنى يوللاپ تۇرۇڭ. بىز بەك چاڭقاپ كەتتۇق. بەزى تىملارنى بىزلەر راست گەپ يوللاشقا پېتىنالمايمىز ھازىر. بۇلۇپمۇ بۇ كەملەردە ......... خاس ئىسلامى تىما يوللايدىغان قېرىنداشلىرىمىزمۇ ھازىر يوللىمايدىغان بولدى. چۈنكى ئىشلار مۇرەككەپ. دىيىلمگەن گەپتىن ئىيتمىغان مەنالارنى چۈشەندىڭىز-ھە قېرىندىشىم. سىزگە ئاللاھ يار بولسۇن. مۇنبەردىن يۈقاپ كەتمەڭ.

http://bbs.misranim.com/thread-130303-9-1.html

= ==================== =

ئەرزىمەيدۇ. مەن سۆزلىرىڭىزنى تولۇق چۈشەندىم. ئاللاھ خالىسا ئۈمىدىڭىز يەردە قالمايدۇ.

ياسىر قازى يېتەرلىك مىقتاردىكى ئۈچۈرغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ ئۈچۈرلارنىڭ قانداق ئۈچۈرلار ئىكەنلىكىنى يازماپتۇ. كەچۈرۈڭ. كېيىنچە ئۇ ھېلقى تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىگەندە، ئاللاھ خالىسا مەن ئۇلارنى ئۇيغۇرچە تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىمەن.

ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ئۇكام!

بىز بارغان يەرلەر ئاساسەن ساياھەت ئورۇنلىرى بولغاچقا، ئۇ يەرلەردە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بار ئىكەن. شۇڭا كىشلەر باشقىلارنىڭ مىللىتىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىكەن. ئەمما، ئۆتكەن يىل بىز 6 جۈپ ئەر-ئايال بىللە سەپەر قىلىپ، بۇ يىل 5 جۈپ ئەر-ئايال شۇنداق قىلدۇق. بىز بىللە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىمىزنى توسۇپ، «سىلەر قايسى مىللەتتىن؟» دەپ سورايدىغانلارنى كۆپ ئۇچراتتۇق. پاراخوتتا بولسا ئايالالار ئەتلەس كۆينەك، ئەرلەر كارشىنۇاي كۆينەك كىيىۋالغاندا، بىزنى پۈتۈن پاراخوتتىكىلەر تونۇپ كەتتى. بىز بەزىدە ئاشۇنداق كىيىنىپ، پاراخوتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئۇسۇل مەيدانىدا ئەرەبچە مۇزىكىلارغا ئۇيغۇرچە ئۇسۇل ئوينىدۇق. كۆرگىچىلەر ناھايىتى ھەيران قېلىشتى.

# سېھرگەرلىكنىڭ رېئاللىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

## 2015-يىلى 12-ئاينىڭ 3-كۈنى

بۇ مەن تورلارغا ھەر جۈمە كۈنى چىقىرىدىغان ماقالىلەرنىڭ بىرى ئەمەس. يېقىندا چوڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي ئازابقا پېتىپ قالغان ئىككى قېرىندىشىمىز مەن بىلەن ئالاقىلەشكەن بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئازاب ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان ئىدىم. ئالدىنقى كۈنى «iltersh» ئىسىملىك ئۇكىمىز مەن يوللىغان «نېمشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن تېمىنىڭ ئاستىغا بىر ئىنكاس يېزىپ، مەندىن ھازىر يۇقىرىقىدىكى ئىنىلىرىمىزدەك روھىي ئازاب ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان بىر سىڭلىمىزغا ياردەم قىلىشنى سوراپتۇ. «iltersh» ئۇكىمىز يازغان ئىنكاس مۇنداق ئىكەن (نەقىل):

«ئەسسالام بىلىمخۇمار ئاكا، مەسلىھەتچىڭىزگە مۇھتاجمەن. بىر قىز بارتى، يېقىندا توي قىلىدىغان يىگىتى يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن تۇيۇقسىز تۈگەپ كېتىپتۇ، بۇ قىز بەك تۈگىشىپ كەتتى، ئاغرىپ دوختۇرخانىدىمۇ يېتىپ چىقتى، تۈزۈك تاماقمۇ يىمەيدىكەن، ئۆزىنى پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىدىكەن، تۇرۇپ تۇرۇپ يۈرىكىم سىقىلىپ توختاپ قالىدىغاندەك نەپەس ئالالماي قالىمەن دەيدۇ، بۇ قىز ئوقۇش پۈتتۈرگىلى يېرىم يىل قالغان، بەك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، جاھاندا بار ھەممە ياخشى گەپنى دىدىم، تەسەللى بەردىم، بۇ تېمىنىمۇ تەۋسىيە قىلدىم،پايدىسى بولمايۋاتىدۇ. ئۆردەكنىڭ سۇ يۇقماس گېپىلىرى بارمىكىن، بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنىلا يورغىلىتىپ تۇرۇۋالىدىكەن، چىراغچى يېنىغا بارغان چېغىۋا، مەرھۇم سىزنى ئوقۇتۇپتىكەن، ياندۇرمىساق جىنىڭىزغا يۇرۇپ كېتىدۇ دىگەن ئوخشايدۇ. مۇشۇ تېمىغا ئىنكاس يازىمەن دىسەم بىلىمخۇمار ئاكام ۋە باشقا ئاكىلىرىمنىڭ قانداق مەسلىھەتلىرى باركىن. ئاڭلاپ ئۆزەمنى ئوڭشىۋالسام ئەجەپ ئەمەس دەپ سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. نائۈمىت قويمىغايسىز، مەن ئامالسىز قالدىم.»

مەن يۇقىرىدىكى ئۇچۇرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ھېرىپ كەتكىنىگە ۋە ۋاقتىمنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، تۆۋەندىكى يازمىنى تەييارلىدىم. مەقسىتىم ئاشۇ سىڭلىمىزنىڭ ئازابىنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق يوق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ماقالىنى مەن نورمالنى تەھرىرلەش باسقۇچىدىنمۇ ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ يوللىدىم. ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن «پىداكار» ئۇكىمىزغا تەھرىرلىتىپ، ئاندىن ماقالىنىڭ مەزكۇر مۇنبەردىكى مەزمۇنىنى تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويىمەن. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەردىن كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ھازىرچە ئەپۇ قىلىپ تۇرۇشنى سورايمەن.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە «iltersh» ئۇكىمىز تىلغا ئالغان ئىش دىنىمىزدا «سېھرگەرلىك، جادۇگەرلىك» (sihr, black magic) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يۇتيۇب (YouTube) تا ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىگەن لېكسىيىلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. يالغۇز ياسىر قازىنىڭ جىن

ۋە جادۇگەرلىك توغرىسىدا سۆزلىگەن 1 – 2 سائەتلىك لېكسىيە ۋە دوكلاتلىرىدىن ئۈچى بار بولۇپ، مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلاپ باققان. ئەمما، بۇ توغرۇلۇق تېما تەييارلاشنى پىلانىمىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمىگەن ئىدىم. ئەمما، يېقىنقى ئىلتىماسنى ئوقۇغاندىن كېيىن، روھىي زۇلۇم ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان بىر قېرىندىشىمىزغا قولۇمدىن كېلىدىغان ياردەمنى قىلىش مەقسىتىدە، ياسىر قازىنىڭ بىر 2 سائەتلىك لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ ياسىر قازىنىڭ جىن ۋە جادۇگەرلىك ھەققىدىكى 3 لېكسىيىسىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ياسىر قازى 1-لېكسىيەنى ئالدى بىلەن ئاڭلاپ چىقىشنى بۇ لېكسىيەنى ئاڭلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ مەزمۇنلار بەك ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىقىشقا مېنىڭ ھازىرچە ئىمكانىيىتىم يوق. شۇڭا مەن تورداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن تورداشلاردىن مېنىڭ بۇ يەردىكى رولۇم پەقەتلا بىر تەرجىمان ۋە خۇلاسىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە بايان قىلىنىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ياسىر قازىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

ياسىر قازىنىڭ مەزكۇر لېكسىيىسىنىڭ تېمىسى «سېھىرگەرلىك، تۇمار ياكى ئەپسۇن ئوقۇش يولى بىلەن يامان ۋەسۋەسىنى يوقىتىش، ۋە جىنىنىڭ رېئاللىقى» بولۇپ [1]، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 سائەت ئىكەن. ئۇ 2014-يىلى 31-ئۆكتەبىردە سۆزلەنگەن ئىكەن. بۇ لېكسىيىدە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ناھايىتى كۆپ نەقىللەر ئېلىنغان بولۇپ، مەن مەزكۇر يازمىغا ئۇ نەقىللەرنى كىرگۈزمەيمەن. مەن پەقەتلا ئاشۇ لېكسىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىلا خۇلاسە قىلىپ بېرىمەن.

بۇ لېكسىيىدە «جادۇگەرلىك» ئۈچۈن ئىنگلىزچە «sihr, black magic» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «magic» دېگەن سۆز يۇلغۇن لۇغىتىدە «سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك، سېھرى كۈچ، مەپتۇن قىلىش كۈچى، سېھرىي، سېھرىي كۈچكە ئىگە، مەپتۇن قىلىدىغان» دەپ ئىزاھلانغان. دېمەك، «سېھىرگەرلىك» بىلەن «جادۇگەرلىك» ئوخشاش نەرسىگە قارىتىلغان بولۇپ، تۆۋەندە مەن بۇ ئىككى سۆزنى ئوخشاش ئورۇندا ئىشلىتىمەن.




The Reality of Sihr (Black Magic), Exorcisms & Jinns - Part II ~ Dr. Yasir Qadhi | 31st October 2014

**1-رەسىم: دوكتور ياسىر قازى لېكسىيە سۆزلەۋاتقان بىر كۆرۈنۈش.**

**تۆۋەندىكىسى ياسىر قازى لېكسىيىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى.**

سېھىرگەرلىك بىلەن جىن ئۆز-ئارا زىچ باغلانغان. جىننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، سېھىرگەرلىكنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ ئۇقۇملار ئىنتايىن ئۇزۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «سېھىرگەرلىك» نىڭ مەنىسى «يوشۇرۇنغان نەرسە» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى «كېچىنىڭ قاراڭغۇسى» نى كۆرسىتىدىغان «سەھەر» دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشلىق. «سېھىرگەرلىك» يۇز بېرىدىغان، ئەمما بىز نېمىشقا يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «سېھىرگەرلىك» دېگىنىمىز جىننىڭ ياردىمىنى ئىشقا سېلىپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى (supernatural) بىر ئىشنى قىلىش، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، جىن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىدىغان بولۇپ، بىز جىننى كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ ئىشنىڭ نېمىشقا يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىدىكىلەر سېھىرگەرلىكنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆگىنىپ باقمىغان باشقا كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

جادۇگەرلەر ھېچ قانداق ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم تىلىمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن باشقا يەرلەردىن، مەسىلەن، بىر يالغان خۇدادىن ياردەم تىلەيدۇ.

سېھىرگەرلىك ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئاللاھقا ئىشىنىدىغان ئادەملەر، ۋە ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ بەزىدە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ. مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامدا ئاشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ باققان.

جادۇگەرلىك مەلۇم بىر خىل خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر تەبىئەتتىن تاشقىرى

ھادىسىنى پەيدا قىلالمايدۇ. جادۇگەرلەرنىڭ قىلىدىغىنى بىزگە بىر تەبىئەتتىن تاشقىرى ھادىسە بولۇپ كۆرۈنىدىغان ھادىسە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا جادۇگەرلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدۇ. جىن ۋە جادۇگەرلەر قىلىدىغان ئىشلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس كىچىك ئىشلاردىنلا ئىبارەت. بىز جىن بىلەن سېھرگەرلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھەرگىزمۇ قورقمايدىغان بولىمىز. ناھايىتى ئېغىر بولغاندىمۇ، بىز جىن ۋە سېھرگەرلىكتىن خۇددى بىر يىلاندىن قورققانچىلىك قورقۇشىمىز مۇمكىن. ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشىلەر جىن بىلەن سېھرگەرلىككە ھەرگىزمۇ بىر تەبىئەتتىن تاشقىرى نەرسە، دەپ قارىمايدۇ.

سېھرگەرلىكنىڭ بىر قانچە تۈرلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى سېھرگەرلىكنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى بوياش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

سېھرگەرلىكنىڭ كۈچى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا بىر سېھرگەرلىك ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى توسۇپ قالالايدۇ.

قۇرئاندا دېيىلگىنىدەك، ھاراقنىڭ ئازراق پايدىسىمۇ بار. ئەمما، سېھرگەرلىكنىڭ ھېچ قانداق پايدىسى يوق. يەنى، سېھرگەرلىكنىڭ پايدىسى نۆلگە تەڭ. سېھرگەرلىك يامانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سېھرگەرلىكنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە بىر قانچە خىل كۆز-قاراشلار مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئادەملەرگە سېھرگەرلىك قىلىش ئۇسۇلىنى پەرىشتىلەر ئۆگەتكەن. ئەمما، پەرىشتىلەر سېھرگەرلىكنى ئۆگەنمەكچى بولغان كىشىلەرنى «ئەگەر سىلەر بۇنى ئۆگەنسەڭلار، سىلەر مۇسۇلمان بولمايسىلەر. ئاللاھ بىزنى سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئەۋەتكەن»، دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر ئاشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشقا پەرۋا قىلماي، سېھرگەرلىكنى ئۆگەنگەن. ئاشۇ كىشىلەر مۇشۇ ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى سېھرگەرلەر بولۇپ چىققان. بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سېھرگەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق بىر قەدىمكى ۋەقەلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سېھرگەرلىكمۇ ئۆز-ئارا ئوخشىمايدىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن.

سېھرگەرلىكنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى ئىككىنچى كۆز-قاراشتا مۇنداق دېيىلىدۇ: سېھرگەرلىكنى پەرىشتىلەر ئۆزلىرى ئۆگەتمىگەن. بەلكى، بىر قىسىم كىشىلەرگە سېھرگەرلىكنى ئۆگىتەلەيدىغان جىنلار بار جايىنىڭ ئورنىنى دەپ بەرگەن. ھەمدە ئۇ كىشىلەرنى «بىزنى ئاللاھ سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئەگەر سىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ، سېھرگەرلىكنى ئۆگەنسەڭلار، سىلەر كاپىر بولىسىلەر»، دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل كۆز-قاراشنىڭ پەرقى، پەرىشتىلەر بىر قىسىم كىشىلەرگە سېھرگەرلىكنى بىۋاستە ئۆگەتكەنمۇ، ياكى ۋاستىلىك ئۆگەتكەنمۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

قۇرئاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن شۇ نەرسە ئېنىق بولىدۇكى، سېھرگەرلىكنى ئۆگىنىش، سېھرگەرلىكنى يولغا قويۇش، ۋە سېھرگەرلىككە ئىشىنىشنىڭ ھەممىسى كۇفرلۇققا كىرىدۇ. سىز بىر مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ، سېھرگەرلىكنى يولغا قويىسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلانسىڭىز، ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز بولمايدۇ. بۇ نۇقتا قۇرئاندا ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كۇفرلىقمۇ قۇرئاننىڭ بىر قانچە يېرىدە تىلغا ئېلىنغان.

بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھرگەرلىككە بىر قېتىم يولۇقۇپ

باقىن.

ئىمان بىلەن تەقۋالىقنىڭ ئۆزى بىر ئادەمنى سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈنلەي ساقلاپ قالالمايدۇ، ئەمما ئاشۇ ئادەم ئۇچرايدىغان تەسىرنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كىچىكلىتەلەيدۇ. ئىمانىڭىز قانچە كۈچلۈك بولسا، سىز سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە شۇنچە ئاز ئۇچرايسىز.

كىشىلەر جادۇگەرلىكتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان نەرسە چاچ، تىرناق ۋە كىيىمگە تەۋە نەرسىلەردىن ئىبارەت.

## 1. سېھىرگەرلىككە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە

سېھىرگەرلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ئاللاھقا دۇئا قىلىشتىن ئىبارەت. جادۇگەرلىككە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن نەرسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش، ھەمدە ئۇنى تېپىپ ۋەيران قىلىۋېتىش ئىنتايىن پايدىلىق. ئەمما، سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن نەرسىنى تېپىپ يوق قىلىۋېتىش شەرت ئەمەس.

بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىرسىنىڭ سېھىرگەرلىكىگە يولۇققاندا، پەرىشتىلەر 113- ۋە 114-سۈرىلەرنى ئوقۇيدۇ. يەنە بىر ھەدىستە دېيىلىشىچە، مۇشۇ ئىككى سۈرە ئاللاھتىن ئاشۇ ئىشتىن كېيىن چۈشىدۇ. مۇشۇ ئىككى سۈرە سېھىرگەرلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دورىسىدۇر.

سۇلايمان، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى 3 رىۋايەتتىن بىز سېھىرگەرلىكنىڭ ھەققەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. قۇرئان ۋە سۈننەتتىمۇ سېھىرگەرلىك ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى ھېچ كىم رەت قىلالمايدۇ.

## 2. «سېھىرگەرلىك» دېگەن زادى نېمە؟

«سېھىرگەرلىك» دېگىنىمىز بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى ھىيلە ئەمەس. بازارلاردا ئۆزلىرىنى «سېھىرگەر» دەپ ئاتاپ، ھەر خىل ھىيلە ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان سېھىرگەرلىكلەر بىلەن بىز بۇ يەردە توختالماقچى بولغان سېھىرگەرلىك بىر نەرسە ئەمەس. كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ھىيلە ئويۇنلىرى ئاساسەن كۆز بوياپچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سەھنىلەردە كۆرسىتىلىدىغان ساندۇقنىڭ ئىچىدىن توشقان چىقىدىغان، بىر ئادەمنى ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغان سېھىرگەرلىكلەرنىڭ ھەقىقىي سېھىرگەرلىك بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. مېنىڭ نەزىرىمدە سەھنىلەردە كۆرسىتىلگەن بىر قىسىم سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى ھارام ئەمەس. ئەمما بىز ئۇنداق نەرسىلەرنى تەۋسىيە قىلمايمىز.

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان سېھىرگەرلىك جىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىزنىڭ بۇ يەردە توختالماقچى بولغان، ھەمدە دىنىمىزدا چەكلەنگەن سېھىرگەرلىكمۇ ئەنە شۇ.

بىز جىننىڭ رېئاللىقىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن سېھىرگەرلىكنىڭ رېئاللىقىنىمۇ چۈشىنەلەيمىز. بۇنىڭ سەۋەبى، جىنسىز سېھىرگەرلىك مەۋجۇت بولمايدۇ. سېھىرگەرلەر خۇددى بىر ئالاھىدە قۇدرەتكە ئىگە كىشىلەردەك بىر قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا ئۇنداق قۇدرەت مەۋجۇت

ئەمەس. سېھرگەرلەردىكى قۇدرەت جىنلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە تەبىئىي خىزمىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر بىز جىنلارنىڭ تەبىئىي ھالدا قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى، ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا سېھرگەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى چۈشەنسەك، سېھرگەرلىكنىڭ پەقەت جىنلار تەبىئىي ھالدا قىلالايدىغان ئىشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ ھەرگىزمۇ تەبىئەتتىن تاشقىرى، سىرلىق ياكى يېرىم ئىلاھىيلىق ئىش ئەمەس. جىنلار ھەرگىزمۇ قۇدرەتلىك ئەمەس.

ئاللاھ جىنلارغا بىزگە بەرمىگەن قۇدرەتنى بەرگەن، شۇنداقلا بىزگە جىنلارغا بەرمىگەن قۇدرەتنى بەرگەن. شۇڭلاشقا سېھرگەرلەر جىنلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغاندا، بىز ئۇنىڭغا چۆچۈپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئاتقا مىنىپ، ئالدىمىزدىن ئۈچقاندەك ئۆتۈپ كەتسە، بىز ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ھەيران قالمايمىز. سەۋەبى، بىز ئۇنىڭ بىر نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەمما، ئەگەر ھېلىقى ئادەم مىنگەن ئات كۆزىمىزگە كۆرۈنمەي، پەقەت ئاتقا مىنىۋالغان ئادەملا كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىكەن، بىز ھەممىمىز ھەيران قالىمىز. لېكىن، ئۇ ئادەمنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈۋاتقىنى جىن ئىكەنلىكىنى بىلسەك، بىز ئۇنىڭ بىر تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىش ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمىز. بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىش جىن ئۈچۈن تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىش ئەمەس، ئەمما بىز ئۈچۈن، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ئۈچۈن ئۇ بىر تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىش بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر بىز جىننىڭ فىزىكىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك ماھىيىتىنى چۈشەنسەك، بىز سېھرگەرلىكنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز. ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ قورقمايمىز. ئەگەر بىز قورقتۇق، دېگەندىمۇ، ئۇ بىزنىڭ بىر يىلاندىن قورققىنىمىز بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى تەبىئىي قورقۇشلا بولىدۇ. بۇنداق ئىشلاردا بىزنىڭ بىر قورقۇش ھالىتىگە كىرىپ قېلىشىمىزدىكى سەۋەب، بىزنىڭ جىنلارنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت.

جىن ئىسسىق يوق ئوتتىن يارىتىلغان. مېنىڭ چۈشەنچەمچە، ھازىرقى ئىلىم-پەن نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، جىن بىر خىل ئېنېرگىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئاساسەن نۇرنىڭ تېزلىكى بىلەن ماڭالايدۇ. ئۇنى فىزىكىلىق قۇرۇلمىلار توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى خۇددى رادىئو دولقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. «جىننىڭ ئەسلىدىكى شەكلى» دەيدىغان گەپ يوق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شەكلىنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ماھىيىتى. جىن ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى بىر خىلدىن يەنە بىر خىلغا ئۆزگەرتەلەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزى خالىغاندا مەلۇم بىر شەكىلدە بىزگە كۆرۈنەلەيدۇ. ھازىرقى ئىلىم-پەن نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ كۆرۈنمەيدىغان نۇردىن كۆرۈنىدىغان نۇرغا ئۆزگىرىدۇ. رادىئو دولقۇنلىرى ئېنېرگىيىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن كۆپ دولقۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنتايىن كىچىك دائىرىسىدىكىسى بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ.

جىنلار جىسمانىي جەھەتتە ئادەملەردىن كۈچلۈكرەك كېلىدۇ. يەنى ئوتتۇراھال جىنلار ئوتتۇراھال ئادەملەردىن كۈچلۈكرەك كېلىدىغان بولۇپ، بۇ خۇددى ئوتتۇراھال ئەرلەر ئوتتۇراھال ئاياللاردىن كۈچلۈكرەك كەلگەنگە ئوخشاش.

جىن بىر ماددىدىن بىر خىل ئېنېرگىيىگە، ھەمدە بىر خىل ئېنېرگىيىدىن بىر ماددىغا ئۆزگىرەلەيدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى مانا شۇ.

سېھرگەرلىك دېگەن نېمە؟ سېھرگەرلىك دېگىنىمىز بىر سېھرگەرنىڭ جىنلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھىيلىلىرىنى كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت. ئۇنداقتا سېھرگەرلەر قانداق ئىشلارنى قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەق بېرىلگەندە ۋەدە قىلغان ئىشلارنى قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ شىركىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىش، بىر جۈپ ئەر-خوتۇننى ئاجراشتۇرۇۋېتىش، ۋە بىر جۈپ ئەر-خوتۇننى بالىلىق بولغىلى

قويماسلىق قاتارلىقلار. بۇنداق ئىشلارنى سېھرگەرلەر جىننى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق قىلىدۇ. ئەمدى جىننىڭ قىلىدىغىنى بولسا ئۇنىڭ ئۆز دۇنياسىدىكى تەبىئىي ئىشلاردىنلا ئىبارەت.

مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شىركىتىگە كېتىۋاتقاندا قۇلىقىغا «بۇگۈن ئىشقا بارما» دېگەن ئاۋاز كىرىشى مۇمكىن. بۇ ئىشنى جىن قىلغان بولىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇ ئادەم تۈز كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئادەمنى جىن ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتكەن بولىدۇ. مۇشۇنداق يىقىلىش ئارقا-ئارقىدىن كۆپ قېتىم يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئەگەر يەردە بىر يىمىش شۆپۈركى بار بولۇپ، سىز شۇنى دەسسەپ يىقىلىپ چۈشكەن بولسىڭىز، ئۇ ھەرگىزمۇ سېھرگەرلىك بولمايدۇ. ئەگەر سىز بىر خىل ناچار مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇنى ھېچ كىم ئالمىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ سېھرگەرلىك بولمايدۇ.

سېھرگەرلىككە يەنە بىر مىسال كۆرستەي: ئايالىڭىزنىڭ قورسىقىدىكى بالا ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈپ كەتسۇن. دوختۇر تەكشۈرۈپ، سىزنىمۇ ۋە ئايالىڭىزنىمۇ «نورمال ئىكەن» دېسۇن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جىن مەلۇم خىلدىكى فىزىكىلىق ئىشلارنى قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بالىنى چۈشۈرۈۋېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر دوختۇر مەسىلىنى تاپالىسا، ئۇ سېھرگەرلىكنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ. چۈنكى، سېھرگەرلىك بىر يوشۇرۇن نەرسە بولۇشى، سىز چۈشىنەلمەيدىغان نەرسە بولۇشى كېرەك. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولىدىكەن، ئۇ سېھرگەرلىككە تەۋە بولمايدۇ.

ئاللاھتا بار قۇدرەت جىندا يوق. جىن ھەرگىزمۇ ئۆزى ئۈچۈن تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان ئىشلارنى قىلالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزى فىزىكىلىق جەھەتتىن قىلالايدىغان ئىشلارنىلا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قان تومۇرىدا مېڭىش دېگەندەك.

دېمەك، سېھرگەرلىكنىڭ ھەممىسى جىننىڭ قىلمىشلىرىدىنلا ئىبارەت.

## 3. نېمىشقا جىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ؟

مۇنداق بىر ئەپسانە بار: سېھرگەرلىكتە سېھرگەر جىننى كونترول قىلىدۇ؛ سېھرگەر ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ جىننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان، ئۆزىنىڭ مالىيى قىلىۋالغان بولىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى سېھرگەرلەر دەيدىغان بولۇپ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن نوپۇز تىكلىمەكچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئەپسانە، ئۇ بىر يالغانچىلىق بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي خاتا.

ئەمەلىيەتتە سېھرگەر جىننىڭ مالىيى ياكى خىزمەتچىسى بولىدۇ. سېھرگەر جىنغا ئىبادەت قىلىپ، جىنغا خۇشامەت قىلىدۇ. سېھرگەرلەر بۇنداق ئىشلارنى باشقىلارغا دېمەي، ئۆزلىرىنى خوجايىن قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

شۇڭلاشقا جىن بىرەر ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇنى ئۆزى خالىغانلىقى، ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغۇسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ سېھرگەرنىڭ قىستىشى بىلەن قىلمايدۇ. جىنلارنى پەقەت سۇلايمانلا كونترول قىلالايدىغان بولۇپ، ئۇلارنى بىرەر ئادەم كونترول قىلالمايدۇ. بىر ئادەمدە جىننى كونترول قىلغۇدەك قۇدرەت بار، دېيىش، ئۇ ئادەمدە سۇلايماندا بار قۇدرەت بار، دېگەنلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇ قۇرئاندىكى سۆزلەرگە زىت كېلىدۇ.

سېھرگەرلىك سېھرگەر بىلەن جىن ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل سودا بولۇپ، ئۇنىڭدا سېھرگەر جىنغا بىر نەرسىنى بېرىپ، جىن سېھرگەرگە بىر نەرسىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق

بولۇپ، جىن سېھىرگەردىن كۈچلۈكرەك كېلىدۇ.

جىن سىزنىڭ پۇلىڭىزغا ياكى تامىقىڭىزغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. جىنلاردا يارىتىلغاندىن تارتىپلا بىر خىل كەمستىلىش تۇيغۇسى بار بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئىنسانلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. يەنى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەقىل بىلەن بىلىمنى بەرگەن بولۇپ، جىنلارغا ئۇلارنى بەرمىگەن. ھەممىڭىزنىڭ خەۋىرىدە بار بولغىنىدەك، ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ئىش ھەققى فىزىكىلىق ئىشلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. بىزگە يەنە مۇقەددەس كىتاب چۈشۈرۈلگەن، ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. شۇڭلاشقا جىن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرىدىغان بىرى ھېسابلاپ، ئىنسانلار بىلەن ھوقۇق تالىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر جىنغا خۇشامەت قىلىپ، جىن نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىپ، جىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، شۇ ئارقىلىق جىننىڭ فىزىكىلىق ئەمگەك ئاساسىدىكى خىزمىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. جىن بولسا ئۆزىنى ئىنسانلاردىن ئۈستۈنرەك تۇرغاندەك تۇيغۇغا كېلىۋالىدۇ. بۇ جىن ئىگە بولىدىغان نەرسىنىڭ بىرىنچىسى. جىن ئىگە بولىدىغان نەرسىنىڭ ئىككىنچىسى بولسا، ئىنساننى خاتا يولغا باشلاش. بىر ئادەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي جىنغا ئىبادەت قىلسا، ئۇ ئىسلامدىن ئايرىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىن ئۇتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سېھىرگەرلەر دىنغا ئازراقمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئوغرىلىق ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ نەچچە ھەسسە پەس تۇرىدىغان نىجىس ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى سىز ئويلاپ يېتەلىگەن ھەر قانداق يامان ئىشتىنمۇ يامان ئىشلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى جىنغا سېتىۋېتىدۇ.

سېھىرگەرلەر ئېرىشمەكچى بولغان ئاساسلىق نەرسە پۇلدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى بىر كەسىپ بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ كەسىپ ئارقىلىق كىرىمگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورۇنغىمۇ ئىگە بولىدۇ.

سېھىرگەرلەر بۇ كەسىپنى باشقا سېھىرگەرلەردىن ئۇستام-شاگىرت مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ.

جىننىڭ سانى ئادەمنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ دەرىجە تۈزۈمى بار بولىدۇ. ھەمدە سېھىرگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقان جىن ئىشلارنى ئۆزى قىلماي، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى جىنلارغا قىلغۇزىدۇ. جىننىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلار نەچچە يۈز يىل ياشايدۇ.

## 4. سېھىرگەرلىكنى قانداق بايقايمىز؟

مۇسۇلمانلاردىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھەممە ئىشلارنى سېھىرگەرلىككە دۆڭگەش بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ئاياللاردا بەكرەك ئېغىر. بۇ بىر پسىخولوگىيىلىك مەسىلە. بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، ئاندىن «بىرەر سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم»، دەپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ 95 پىرسەنتىنىڭ مەسىلىسى سېھىرگەرلىك بولماستىن، بەلكى پسىخولوگىيىلىك مەسىلىلەردۇر. سىزنىڭ سودىڭىز ياكى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭىز بەزى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، سىز ئۇنى سېھىرگەرلىككە دۆڭگەشتىن بۇرۇن، ئۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلار ھەممە ئادەمگە ھەممە ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك. شىركەت قۇرغان 10 ئادەمنىڭ ئىچىدە 9 ئادەم مەغلۇپ بولىدىغان ئىشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا بىر ئىشنىڭ سېھىرگەرلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىز قانداق ئېنىقلايمىز؟ سېھىرگەرلىكنىڭ بىر قانچە ئالامەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى بىر ئىشنىڭ تەبىئەتتىن

تاشقىرى بولۇشىدۇر. مەسىلەن، ئەگەر سىز بىر ئادەمنىڭ ھاۋادا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇ چوقۇم سېھىرگەرلىك بولىدۇ. ئەگەر سىز بىر جىننى كۆرسىڭىز ياكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇمۇ چوقۇم سېھىرگەرلىك بولىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردە بىلمەكچى بولغىنىمىز ئۇنچىۋالا ئېنىق ئالامەتكە ئىگە بولمىغان سېھىرگەرلىكتۇر. سېھىرگەرلىك تەسىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامىتى قۇرئان قىرائەت قىلىنىپ، ئەزان توۋلانغاندىن كېيىن بىر ئادەمدە كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىشنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىبارەت. قۇرئان ۋە ئەزاننى داۋاملىق ئاڭلاپ بەرگەندە، ئۇ سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئادەمگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرى قانچە كۈچلۈك بولسا، قۇرئان ۋە ئەزاننىڭ تەسىرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك ۋە شۇنچە تېز بولىدۇ.

بەزىدە بىر 30، 40 ياكى 50 ياشلىق ساغلام ئادەم بىر ئوبدان يولنىڭ ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ، خۇددى بىر كىم ئىتتىرىۋەتكەندەك كۆپ قېتىم يىقىلىپ چۈشىدۇ. مۇشۇنداق تەبىئەتتىن تاشقىرى ھادىسىمۇ سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەزىدە بىر ئادەمنىڭ قورسىقى ياكى باشقا بىر يېرى ئاغرىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ، ھەر خىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىنمۇ، دوختۇرلار ئۇ ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى تاپالمايدۇ. بۇمۇ سېھىرگەرلىكنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. ئەگەر دوختۇر بىر ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى تاپالىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ سېھىرگەرلىك بولمايدۇ. جىن بىر ئادەمدە راك كېسىلى پەيدا قىلالمايدۇ. جىن بىر خىل مىكروبلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئادەمنىڭ بەدىنىگە سېلىپ قويالمايدۇ.

سېھىرگەرلىكنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىلى بىر جۈپ ئەر-خوتۇنلارنى ئاجراشتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت. قۇرئاندا مۇشۇنىڭغا ئائىت سۆزلەر بار. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلىدىغان تەبىئەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەر سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇم بىر ۋەقەدىن كېيىن ئاندىن يۈز بېرىدىغان ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى خاپىلىق ۋە چۈشكۈنلۈكمۇ سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ناچار مىجەزلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە ئاشۇنداق ياشاپ كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنداق مىجەزىنى سېھىرگەرلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بولمايدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر ئىنچىل ھالدا ياخشى مىجەزلىك بولۇپ، مەلۇم بىر ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ مىجەزى باشقىچە ئۆزگىرىپ قالغان بولسا، يەنى ئۇ باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغان بولسا، ئۇ سېھىرگەرلىكتىن شۇنداق بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى.

بىر ئادەمنىڭ تاماق يېيىش ياكى ئۇخلاش ئادىتىدە تۇيۇقسىز ياكى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، ئاندىن ئۇ ئادەم ئاشۇنداق ئۆزگىرىشنى شۇ بويىچە ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ ماڭسا، بۇمۇ سېھىرگەرلىكنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. مەسىلەن، گۆشكە ئامراق بىر ئادەم تۇيۇقسىز گۆش يېمەس بولۇپ قېلىپ، ئاندىن شۇ بويىچە گۆشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالسا، يەنى ئۇ ئادەم بۇ ئىشتىن بۇرۇن گۆش يېيىشنى تاشلاش ھەققىدە بىرەر پىلان تۈزۈپ، ئۇنى ئىشقا قويمىغان بولسا، بۇ سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولىدۇ.

بەزى ئادەملەر كېچىسى ئۇخلىيالماي، بامدات نامىزىدىن سەل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلاپ ئاندىن ئۇخلايدىغان بولۇپ قالسا، بۇمۇ سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان كېچىسى ئۇخلىماي، بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئاندىن ئۇخلاشقا باشلايدۇ. بۇ يەردىمۇ ئادەمدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇشى، يەنى ئۇ ئادەم بۇرۇن نورمال ئۇخلايدىغان بولۇپ، تۇيۇقسىزلا يۇقىرىقىدەك ئەھۋال يۈز بېرىشى كېرەك.

بەزى كىشىلەر بىر دەم بىر خىل، بىر دەم يەنە بىر خىل بولۇپ قالىدۇ. بۇمۇ سىھىرگەرلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تېپىك ئەھۋالدا، بىر ئادەمدە يۇقىرىدىكى ئالامەتلەردىن بىر قانچىسى تەڭلا كۆرۈلىدۇ.

سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىدە كۆرۈلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ يەنە بىرى يامان چۈش كۆرۈشتىن ئىبارەت. يەنى، سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشى داۋاملىق ئەڭ يامان، ئەڭ بىزار، ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەيدىسىگە بىر نەرسە تۇرۇۋېلىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قېلىش، ئۆزىگە بىر يىلان، بىر ئىت ياكى بىر شىر ئېتىلىپ كېلىش، قېشىغا بىر نەرسە كېلىۋالغاندەك ھېس قىلىش، ئەمما قارىسا ھېچ نېمىنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىقلار سېھىرگەرلىكنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سىز سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلسىڭىز، بىرەر كىشىنى ئىزدىمەي، ئالدى بىلەن قۇرئاننى بۇرۇنقىدىن كۆپرەك ئوقۇپ بېقىڭ. ئەگەر ئۆزىڭىزدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بايقىمىسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولىسىز.

## 5. سېھىرگەرلىككە قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

بەزىدە جىن بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئىچىگە كىرىۋېلىپ (possession)، ئۇ ئادەم جىنغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ ھەر ئىككىسىدە تىلغا ئېلىنغان. بەزىدە ئۇنداق ئادەم ئۆزىنى كونترول قىلالماس بولۇپ قالىدۇ، ئەمما ھوشىنى يوقاتمايدۇ. بەزىدە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن ئەس-ھوشىنى يوقاتمايدۇ، ئەمما ئىچىگە بىر نەرسە كىرىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يەنى، بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەر خىل دەرىجىسى بار بولىدۇ. بۇنداق ئىشلار ھەممە سېھىرگەرلىكتە مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەڭ ناچار سېھىرگەرلىكتىلا يۈز بېرىدۇ. كۆپىنچە سېھىرگەرلىكتە بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا جىنلار سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا يۈرۈپ، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بەزىدە ئۇلار قېشىڭىزغا بىر قانچە ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ، قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ. بۇ خىل سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىمۇ ئاجىزراق بولۇپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇۋشمۇ بىر ئاز قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن، سىز بەزىدە بىر قانچە سائەت قۇرئان ئوقۇغاندا، جىن قېشىڭىزدا يوق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سىز قىلغان ئىش ھېچ بىر ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

جىن سىزنىڭ ئىچىڭىزگە كىرىۋالغاندا سىزدە پەيدا قىلىدىغان ئازاب ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئۇ سىزنى بەزىدە غىدىقلىشى، بەزىدە ئىسسىتىپ، بەزىدە توڭلىتىشى مۇمكىن. بەزىدە باش ئاغرىقى ياكى باشقا ئاغرىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئاغرىقلارنى دوختۇرلار تەكشۈرۈپ تاپالماسلىقى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا جىن سىزگە فىزىكىلىق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئېنىقلىماق ئاسان، ئەمما، جىننى قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ئاسان ئەمەس.

جىنايەت ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئەڭ ئېغىرلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئاشۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلغان كىشىلەر «بۇ ئىش قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن. نېمە ئىش بولغانلىقى مېنىڭ ئېسىمدە يوق» دەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مانا بۇ جىن ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئادەمنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغان ئەھۋاللاردۇر. تېخى ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يوقاپ كېتىپ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىر يىراقتىكى

دېڭىز بويىدىن تىرىك تېپىلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقى ئۇ قىزنىڭ ئېسىدە يوق بولۇپ چىققان بىر ئەھۋال مەتبۇئاتلاردا خەۋەر قىلىندى. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشىدىنمۇ يۈز بېرىدىغان بولۇپ، جىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە ئوبدان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. پسىخولوگىيىمۇ بىر خىل ھەقىقىي پەن بولۇپ، بەزىدە كىشىلەر روھىي كېسەللىگىمۇ گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. يەنە بەزىدە بولسا يۇقىرىقىدەك ئىشلار جىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنى قانداق ئايرىيمىز؟ بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى قۇرئان بىلەن ئەزاندىن ئىبارەت.

بىر ئادەم سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ بۇ ئىشتا بىز يەنە بىر دۇنياغا، يەنى جىنلارنىڭ دۇنياسىغا كىرمەكچى بولىمىز. ھەممىدە بىزدە جىنلارغا تاقابىل تۇرىدىغان فىزىكىلىق كۈچ يوق بولىدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭلا جىنلارنى كونترول قىلالايدىغان قۇدرىتى بار. شۇڭلاشقا سېھىرگەرلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ئاللاھنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلساق، ئاللاھ سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق قىلىپ بەرگەن. جىننى يوق قىلىشنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك قورالى قۇرئاندىن ئىبارەت. قۇرئاننى ئاڭلىغاندا، جىنلار ئاساسەن ئوتتا كۆيىدۇ. شۇڭلاشقا سېھىرگەرلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ 1-ئۇسۇلى قۇرئاندىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپ بەرگەن سۈرە فاتىھە، سۈرە بەقەرە، بولۇپمۇ 2-سۈرە 255-ئايەت، سۈرە فەلەق (113) ۋە سۈرە ناس (114) قاتارلىقلار بىزگە سېھىرگەرلىككە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال بولالايدۇ. جىن كۆپىنچە ئەھۋالدا ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، قۇرئاننى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ تۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم. بۇ ئىشتا سىز بىر مەخسۇس تەربىيە ئالغان كەسپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما سىزنىڭ ئاشۇنداق كەسپ ئەھلىلىرىگە كۆرۈنۈشىڭىز تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

بۇ ئىشنى قىلغاندا سىز چوقۇم ئاشۇ كەسپ ئەھلىنىڭ توغرا ئەقىدىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالىشىڭىز كېرەك. چۈنكى سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر. شۇڭلاشقا سىز ئاشۇنداق كىشىلەردىن بىرسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىڭىزنى داۋالاپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل بەرسىڭىز، ئۇ ئادەم باشقا بىر جىننىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلىدىكى جىننى قوغلىۋېتىدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى جىننىڭ ئورنىنى يېڭى جىن ئالىدۇ. بەزىدە جىن مافىيەلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەرگىز ۋە زادىلا سېھىرگەرلىككە سېھىرگەرلىك بىلەن تاقابىل تۇرماڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

سىز ئىزدەپ بارغان ئادەمنىڭ بىر سېھىرگەر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى سىز قانداق بىلەلەيسىز؟ ئۇ ئىنتايىن ئاسان. سىز ئۇنىڭ سىزدىن نېمە ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، ھەممىدە ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىغا قاراپ باقسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلغىنى پۇل ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرا ئۆلچەم بولالمايدۇ. چۈنكى سىزدىن دۇرۇس ئادەملەرمۇ پۇل تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. پۇل تەلەپ قىلىش گۇناھ ئەمەس. بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ سېھىرگەر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ئۇ ئادەمنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى ۋە سىزدىن نېمە

ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇ ئادەم سىزدىن بىر قىسىم غەلىتە ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، مەسىلەن، بىر توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئىچىش، يېرىم كېچىدە يەرگە بىر نەرسە كۆمۈش، سىزدىن كىيىمىڭىزنىڭ بىر پارچىسىنى ئېلىش، سىزنىڭ چېچىڭىزنى ئېلىش، سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ ئىسمىنى سوراش، دېگەندەك، مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇتى قانچىلىك ئۇزۇن بولسۇن، قورسىقى قانچىلىك چوڭ تومپايغان بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى چوقۇم بىر سېھىرگەر بولىدۇ. ئەگەر سىز مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، سىزدىكى سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، سىزنىڭ ئاپىڭىز ياكى دادىڭىزنىڭ ئىسمىنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ ئەگەر سىز كېسەل داۋالىغىلى بىر دوختۇرنىڭ ئالدىدا بارسىڭىز، ئۇ دوختۇر سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ ئىسمىنى سورىمايدۇ. جىنلار ئۆز دۇنياسىدا سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ ئىسمىنى بىلىشكە موھتاج. سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئىشىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا قىلىدىغان كىشى چوقۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىنى ئالدىغا چاقىرىپ ئەكېلىدۇ. ھەمدە يۇقىرىقىدەك قالايمىقان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ خۇددى بىر دوختۇر بىر كېسەلنى داۋالىغان بىلەن ئوخشاش. ئەگەر سىز كۆرۈشكەن كىشى سىزدىن قۇرئاننى كۆپلەپ ئوقۇشنى، نامازنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشنى، زىكىر قىلىشنى، ئەزان تۇۋلاشنى تەلەپ قىلغان بولسا، سىز بىر دۇرۇس ئادەمنىڭ ئالدىغا بارغان بولىسىز.

قىلىسمۇ بولىدىغان يەنە باشقا بەزى ئىشلارمۇ بار. مەسىلەن، قۇرئاندىكى ئايەتنى بىر قەغەزگە يېزىپ، ئۇ قەغەزنى سۇغا چىلاپ، ئاندىن ئاشۇ سۇنى ئىچىش. ئەگەر بىر ئادەم سىزگە ھەر خىل غەلىتە شەكىللەر سىزىلغان ۋە سانلار يېزىلغان بىر قەغەزنى بېرىدىكەن، ئۇ ئادەم قۇرئان ۋە سۈننەت بويىچە ئىش قىلمىغان بولىدۇ. قەغەزگە قۇرئاندىكى بىرەر ئايەتنى تولۇق يازسا بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى يازسا بولمايدۇ. باشقا غەلىتە نەرسىلەر يېزىلغان قەغەز ئاساسەن جىنلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولىدۇ.

خۇلاسىلىسەك، سېھىرگەرلىك ئۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىدىغان بىر نەرسە ئەمەس. سېھىرگەرلەر يامان ياكى رەزىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى جىنلارغا سېتىۋەتكەن بولىدۇ. سىزنىڭ تۇتقان يولىڭىز قانچە توغرا، سىزنىڭ تەقۋادارلىقىڭىز قانچە كۈچلۈك بولىدىكەن، سىز سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە شۇنچە ئاز ئۇچرايسىز. توغرا يول تۇتقان تەقۋادار كىشىلەرمۇ بەزىدە سېھىرگەرلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. سېھىرگەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ئاللاھنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە تەقۋادارلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر مۇمكىن بولسا سېھىرگەرلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن نەرسىنى تېپىپ، ئۇنى يوق قىلىۋېتىڭ.

دوكتور ياسىر قازىنىڭ لېكسىيىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن مەزكۇر يازمىنىڭ «iltersh» ئۇكىمىز تىلغا ئالغان سىگنلىمىزغا، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزغا بىر ئاز پايدىسى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:


[1] The Reality of Sihr (Black Magic), Exorcisms & Jinns - Part II
https://www.youtube.com/watch?v=szMpZQL9HZo

# چۈشكەن ئىنكاس ۋە كەلگەن خەتلەردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: مەن ھازىرغىچە تەييارلاپ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلارغا چىقارغان ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا ئائىت ماقالىلەرگە چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولدى. مەسىلەن، ۋەتەندىكى «باغداش» مۇنبىرىدىكى بىر يازمىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ سانى 1000 پارچىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىنكاسلارنىڭ سانى ئاشۇنداق كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ بۇنداق تېز تاقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئۇ ئىنكاسلارنى كۆچۈرۈپ ساقلاپ قويماپتىمەن. بۇ قېتىم مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئىزدەپ كۆرسەم، پەقەت 2-3 پارچىغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا ساقلاپ قويۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 18 پارچە ئىنكاسنى تاللاپ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپىنچە ئىنكاسلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىنمۇ يېزىپ قويماپتىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندىكى 18-ئىنكاستىن كېيىن بېرىلگىنى ماڭا ۋەتەندىن كەلگەن ئېلخەت، ھەممە فېيسبۇك ۋە ئۇيغۇرچە تورلارغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ ئۆزۈم تاللاپ ئالغان بىر قانچە پارچىسى.

**(1) بۇ يەردە مۇنداق بىر ئايەت بار ئىكەن: شۈبھىسىزكى مۇمىنلەر يەھۇدىيلار ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاﷲغا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ يوقتۇر. سۈرە بەقەرە 62-ئايەت. مەن مۇنداقراق تەرجىمە قىلىپ باقتىم: ئاللەنىڭ رەھمىتىنى مەقسەت قىلىپ بىرەر ئىش قىلىپ باقمىغان بىر ئادەمنى ئاللە نىمە ئۈچۈن مۇكاپاتلىسۇن؟ "ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىگەن بولسا" دىگەن گەپ ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەيدىغان ياكى تولۇق چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرگە خاتا مەنا بېرىپ قويۇش ئېھتىمالى باردەك.**

**(2) بىلىمخۇمار ئاكا ،يەنە بىر تېتىملىق تىمىڭىز بىلەن ئۇچراشتۇرغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. بۇ تىمىڭىز تولىمۇ مۇھىم بولغان بىر نەچچە نوقتىنى ئەسكەرتتى . ھەر بىرىمىز باشقىلارنىڭ قىيامەت كۈنى قانداق نەتىجىگە ئېرىشىشى توغرىلىق، تەقدىرى توغرىلىق كۆپ ئويلانماسلىقىمىز، ئالدىراپ شۇ توغرىلىق سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى بىز باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ھساپ بەرمەيمىز ، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن ھېساپ بىرىمىز،شۇڭا ئەڭ ئويلىنىدىغان نوقتىمىز يەنىلا ئۆزىمىز. يەنە بىزگە بەك ياخشى كۆرۈنگەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قانداق بولۇشىنى بىز بىلەلمەيمىز، بىزگە ئەڭ ناچار كۆرۈنگەن كىشىمۇ بەلكىم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ياخشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن مۇنداق بىر ھېكمەتنى( ھەدىسمۇ تازا ئىسىمدە يوق) ئاڭلىغان.**

كاپىر ھىساپلانمايدىغان كىشىنى شۇ نام بىلەن ئاتىسا شۇ ئاتىغان كىشىگە قايتىق گۇناھ ئىكەنلىكى ،ھەم ئۆزى شۇنداق بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار دىگەندەك مەزمۇندا .شۇڭا بىز باشقىلارغا باھا بېرىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئالدىراپ باشقىلارنىڭ ئىمانى توغرىلىق سۆزلەپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئىزلىنىپ ، ياخشى ئىشلىرىمىزنى چوقۇم ئاللاھ رازىلىقىغا باغلاپ قىلىشىمىز كېرەك، شۇندىلا نەتىجىسىنى كۆرەلەيمىز.

(3) بۇ لېكسىيەنىڭ تىلى ناھايىتى يېنىك ۋە چۈشىنىشلىك ئاممىباب تىلدا سۆزلەنگەنىكەن. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشى بەك ئاز، باشقىلارغا ئادەتتىن تاشقىرى كۆيۈنۈش ئەھۋالى بەك ئېغىركەن. مەن ئويلايمەن، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلماقچى بولغان كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە يېتەرلىك ياخشىلىق قىلىشى؛ ئۇندىن قالسا ئائىلە تاۋاباتى، خۇلۇم- خۇشنىلىرى، مەھەللىسى... بويىچە كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ ماڭسا ھەقىقي ياخشىلىقنىڭ چوڭىنى قىلالىغان بولىدۇ دەپ قارايمەن. شۇڭا ھەممە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىساق، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىزچىل بولىدۇ، ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلى مۇستەھكەم تام ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

(4) ئاللاھ بىر ئادەم ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىمىسىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەپۇ قىلمايدۇ دىيىش ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالغانلىق يەنى ئۆزىنىڭ قىلىپىغا سالغانلىق ھىسابلىنىدۇ .

ئاللاھقا ئىنسان ھىچنىمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ شۇنداقلا ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىرنىمە قىلىشىنى تاما قىلمايدۇ .ئىنسانغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ ،ياراتقۇچىنىڭ يارىتىلغۇچىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ ؟ياق لوگىكىغاۇيغۇنمۇ ؟ھەممە ئاللاھنىڭدۇر !ئۇنىڭغا ھىچنىمە ئېھتىياجلىق ئەمەس ،'ئەمما ئىنسان ئاللاھقا ئېھتىياجلىق ! ياسىر قازى دىگەندەك لوگىكىغا ئۇيغۇن بولسا ،'ئەمىسە ياسىر قازىنىڭ لوگىكا تەپەككۇرىدا چاتاق باركەن . شۇنىسى ئېنىق بولسۇنكى ،'ئاللاھ چەكسىز ئەركىنلىك ئىگىسى ! ئۇ خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچىدۇر ،خالىغان كىشىنى كەچۈرگۈچىدۇر !خالىغان كىشىنى مۇكاپاتلىغىچىدۇر !خالىغان كىشىنى جازالىغىچىدۇر ! يەنە شۇ ئېنىق بولسۇنكى ،ھىچقانداق ئىنسان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ،ناماز تۇتۇپ ،رۆزا تۇتقانلىقىم ...شۇنىڭدەك ئەمەللىرىم ئۈچۈن جەننەتكە كىرىمەن دەپ ئويلىمىسۇن !ھەتتا ئەمەللىرى بىلەن دوۋزاق بوپ كىتىدىغانلار بار. شۇنىسى ئېنىقكى ،'ئىنسان جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەنلا كىرىدۇ .

(5) ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھتىن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنى سورىمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈۋەتمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىگەن بولسا، ئاللاھ ئۇنداق ئادەمنى ھەرگىزمۇ مۇكاپاتلىمايدۇ. بۇ بىر ناھايىتى لوگىكىلىق ئۇقۇمدۇر.

(6) قارىغاندا مۇشۇ گەپ ئۈستىدە تالاش قىلىۋاتقان ئوخشايسىلەر.

ئەگەر بۇ سۆزنى ئابدۇللاھ ئىبىن جۇدئاننىڭ ئاللەغا ئىمان كەلتۈرمىگەن گۇناھىغا قايتىپ چۈشەنسەك، ئاللەنىڭ كۇفۇرلۇقتىن، شىرىكتىن تەۋبە قىلمىغان ئادەمنى كەچۈرمەيدىغانلىقى ئېنىق.

ئەگەر بۇ گۇناھنى چوڭ گۇناھلار دەپ چۈشەنسەك، چوڭ گۇناھلارغا ئېنىق تەۋبە قىلىنىدۇ. ئەمما

تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئاللاھ مەغپىرەت قىلامدۇ يوق دىگەن مەسىلىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بىر قاراشتىكىلەر ئاللاھ خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ دەيدۇ. يەنە بىر قاراشتىكىلەر ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ دەيدۇ. ئەگەر ياسىر قازى چوڭ گۇناھلاردىن تەۋبە قىلمىغان بولسا كەچۈرۈلمەيدۇ دەپ قارايدىغان بولسا، ئىككى قاراشنىڭ بىرىنى تۇتقان بولىدۇ.

ئەمما ئۇششاق گۇناھلار بولسا كۈندىلىك ئىبادەتلىرىمىز بىلەن يۇيۇلۇپ ماڭىدىغان، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان ئادەمدىن كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىشلار. ئەلۋەتتە تەۋبە قىلىش كېرەك. ئەمما تەۋبە قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، شىرىك ۋە چوڭ گۇناھلارغا قارىغاندا كەچۈرۈم قىلىنىشى ئېنىق بولغان ئىشلاردىن.

خۇلاسە كالام، ياسىر قازىنىڭ مەقسەتتە تۇتقىنى ياكى ئابدۇللاھ ئىبىن جۇدئاننىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتماسلىقى، چۈنكى ماۋزۇ دەل ئاشۇ ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرى ئۈستىدە بولىۋاتىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، گۇناھ دىگەن گۇناھ شىرىك دىگەن شىرىك دىگەن تەقدىردىمۇ، كۆزدە تۇتقىنى چوڭ گۇناھلار ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى سۆزلەش بۇ تېمىدىكى مەزمۇن بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتسىز.

ئىككىنچى مەسىلە، ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرمىگەن بولسا دىگەن سۆز.

ئاللاھ بىرەر نەرسىگە ياكى بىزنىڭ ئىمان ئېيتىشىمىز، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىزغا مۇھتاجمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە مۇھتاج ئەمەس. بۇ سۈرە ئىخلاستىكى ئاللاھۇ سەمەد دىگەن سۆزنىڭ تەپسىرىدىن چىقىدۇ يەنى ئاللاھ ھېچنىمىگە مۇھتاج ئەمەستۇر.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا ئاللاھ ئۈچۈن جەڭ قىلغانلار، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكەنلەر، ئاللاھ ئۈچۈن تەرك ئەتكەنلەر دىگەندەك ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ؟

ئاللاھ ياردەمگە مۇھتاجمىدى؟ بىگانىنىڭ چۈشەنگىنىدەك، سۆزلەرنىڭ ئۇدۇل مەنىسىگە قارىساق، ئاشۇنداق لوگىسىز، ئەقىدىگە زىت كېلىدىغان مەنانى چىقىرىۋالىمىز. ئەمما تەپسىرگە قارىساق، ئۇنداق مەنا چىقمايدۇ.

ئىبنى كەسىر بۇ يەردىكى ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇشنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ياردەمچى بولۇش دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ھەۋارىيۇنلاردىن كىم ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولىدۇ؟ دىگەندە ھەۋارىيۇنلار بىز ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولىمىز دىگەن. يەنى: بىز ئاللاھ سىنى ئەلچى قىلغان ئىشلار ئۈچۈن ياردەمچى بولىمىز دىگەن.

ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىش دىگەنلىكنى ئەنە شۇ تەپسىر بويىچە چۈشەنسەكلار، ئاددى بولغاندا ئاللاھ يولىدا بىرەر ئىش قىلىش دەپ چۈشەنسەكلار بولغىنى.

(7) ئاللاھ بىر ئادەم ئۈنىگدىن ئەپۇ سورىمىسىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەپۇ قىلمايدۇ دىيىش ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالغانلىق يەنى ئۆزىنىڭ قىلىپىغا سالغانلىق ھىسابلىنىدۇ .

(8) ئەسلىدىن گەپ ۋە تىما ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئۈستىدە بولىۋاتقانىكەن، ياسىر قازىنىڭ گۇناھ دىگەن سۆزنى ياكى تەرجىمان خاتا تەرجىمە قىلدى، ياكى بۇ يەردىكى مەقسەت كۇفۇرلۇق دەپ چۈشەنگەن بولساق توغرا بولاتتى. ئەمما گۇناھ دەپ كەلگەنىكەن، گۇناھ دەپ چۈشىنىمەن دەپ تۇرىۋالسىڭىز، ئۇمۇ مەيلى.

گۇناھلار ئارىسىدا تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ بار، تەۋبە قىلمىغان بولسىمۇ ئاللاھ كەچۈرىدۇ دەپ قارايدىغانلىرىمۇ بار.

ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈشنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئۇنىدىن باشقىسىنى خالىغان ئادەمدىن كەچۈرىۋېتىدۇ- ئايەت.

ئەمما، تەۋبە قىلمىسا كەچۈرمەيدۇ دىگۈچىلەرنىڭمۇ دەلىلى بار. شۇلار قاتارىدا شەيخۇل ئىسلام ئىبن تەيمىييەمۇ بار.

ئەگەر سىلەر چەكلەنگەن چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كەرەممىزگە ئېلىپ، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئىسىل ماكان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. -سۈرە نىسا 31-ئايەت

ياسىر قازى بۇ مەسىلىدە ئىبن تەيمىييە بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ دىگىنىنى خاتا دىيەلمەيسىز.

(9) ئەسسالامۇئەلەيكۇم تەۋبە قېرىنداشىم، ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن..ياسىر قازىنىڭ مەقستىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپسىز...

ئەمدى ئىنكاسىڭىزدىكى بىر مەسىلىگە قارىتا چۈشەنچە بىرەي....چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمان تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە ئاللاھ خالىسا ھىچقانداق جازالىماي ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ شاپائىتى بىلەن جازادىن قۇتۇلىدۇ، ياكى قىلمىشىغا لايىق ئازاپلىنىپ ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيدۇ..مانا بۇ ئەقىدە بارلىق ئەھلى سۈننەتنىڭ ئورتاق قارىشى،،،'ئىبن تەيمىييەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە..يۇقارقى ئايەت بۇنىڭ دەلىلى......ئەمما خاۋارىجلار ۋە مۇتەزىلە ئېقىمىدىكى بىدئەتچىلەر بولسا ئۇنداق ئادەم دەۋزەختە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئەپۇ قىلىنمايدۇ دەپ قارايدۇ..

سىز ئىنكاسىڭىزدا ئىبن تەيمىييەنىڭ بۇ ھەقتىكى مەيدانىنى چۈشەندۈرگەندە خاتالىشىپ قاپسىز..ئاللاھ ئەپۇ قىلسۇن...قايتا قاراپ چىقارسىز

(10) مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ تاغىسى ئابۇ تالىب ئىبنى ئابدۇ مۇتەللىب ئىسلام ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ، سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئەڭ چوڭ ھامىيسى بولغان ، لېكىن مۇشرىك پېتى ئالەمدىن ئۆتكەشكە دۆزاقتا مەڭگۈ قالىدۇ دېيىلىدىكەن ، لېكىن ئازاب يېنىكراقبولىدىكەن . بىلگۈچى ئاللاھتۇر .

مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى تۇنۇگۈن ئاڭلىغان بىر خەۋەردە بىرىتانىيە ئالىملىرى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى تەتقىق قىلىپ مېڭە يۈزىدە ئالاھىدە بىر خاس يۈز بولۇپ پەقەت سىياسىيونلاردا بولىدىكەن ، دىمەكچى سىياسىيونلارنىڭ سىياسىيون بولۇشىدا مېڭە ھۈجەيرىسىدىكى خاسلىق ئاساسلىق رول ئوينايدىكەن ... دىمەك ئۇ تۇغۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ سىياسىيون بولىشى گېن تەشكىيلى ئۈچۈرلىرى بىلەن ئالدىن پۈتىۋېتىلگەن .

بۇ مەسىلە مېنى قىزىقتۇردى ، كۆندە بىر ئىسلامىي ماقالە ئوقۇش پىلان- مەسلىھەتى بويىچە بۇ ماقالىنى تەپسىلى ئوقۇۋەتتىم ، ئەجرىڭىزگە تەشەككۈر بىلمىخۇمار ئەپەندى .

(11) دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد

قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئۈچ كۆرىشى ئېتىقادىكى ئوخشىماسلىقتىن بولىشى ناتايىن ، تاجاۋۇزچىلىق ، تەڭسىزلىككە بولغان بىزار بولۇش تۇيغۇسىنى، ئوخشىمىغان ئېتىقادىكى كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتلىكىكە بولغان ئارتۇۇقچە ئويلىنىش دەپ قاراش ھەر قانداق بىر رىياللىققا ماس كىلىشى ناتايىن ، پەلەستىن ، چېچىنىيەدىكى(بۇنداق جايلار يەنە بولىشى مۇمكىن ) مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تىرىشچانلىقلارىنى يالغۇز دىنىني پەرقتىكى مەسىلە دەپ قاراش شۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ قارشىلىققىغا ئۇچۇرىشى ئېنىق، ياسىر قازىنىڭ كۆزىدە تۇتىۋاتقىنى توقۇنۇش ، زۇلۇم يوق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بولىشى مۇمكىن .

**(12)** قارىماققا سىز دىگەن مەنامۇ چىقىپ قالدىكەن.

مەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنا ماۋۇ بولسا كىرەك، بىردىن بىر كىلەيلى:

بىرىنچى قەدەم _ چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلەرنى ئالله خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلمايدۇ.

ئىككىنجى قەدەم بولسا:

ئاندىن پەيغەمبەرلەر، مالائىكىلەر، سالىھ كىشىلەردىن شاپاەت قىلىشقا ئىزىن بىرىلگەنلەر رەھىم-شەپقەتلىك ئاللەدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. شاپاەت قىلىنغۇچى ئاللەغا شىرىك كەلتۈرمىگەنلا بولسا، ئالله ئۇنى رەھمىتى قوينىغا ئىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دۆزاختا مەڭگۇ قالمايدۇ.

ئەمما شاپاەتكە ئىرىشەلمىسە، ئۇنداقتا جەھەننەمدە مەلۇم مۇددەت تۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئىمانى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ.

سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك: چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمان تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە ئالله خالىسا ھىچقانداق جازالىماي ئەپۇ قىلىۋىتىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ شاپائىتى بىلەن جازادىن قۇتۇلىدۇ، ياكى قىلمىشىغا لايىق ئازاپلىنىپ ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيدۇ..

دىگەنلىرىڭىزمۇ توغرا. قارىشىمىز ئوخشاش ئىكەن. مەن بۇلارنى بىر قەدەمدىن بىر قەدەمدىن بولىدۇ دەپ تونۇيدىكەنمەن، شۇڭا ئاللەنىڭ ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى زىكىر قىپتىمەن. ئەمما زىكىر قىلمىغاندا، شاپاەت ئارقىلىق ياكى جازاسىنى ئاز مۇددەت تارتقاندىن كىيىن ئاللەنىڭ مەغپىرەت ۋە رەھمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ دىگەننى بايان قىلماپتىمەن. تولۇقلىما بەرگىنىڭىزگە رەھمەت!

خاتالىقلار بولسا تۈزىتىپ تۇرغايسىز!

گەرچە مەن ئۇنداق مەدھىيىگە لايىق بولمىسامۇ، ئىنكاسىڭىزدىن ناھايىتى سۆيۈندۈم ھەم ئىلھاملاندىم. رەھمەت ئۇكام!

ۋەئەلەيكۇم-ئەسسالام مادىنا قەرىندىشىم،

مەن سەمىمي يېزىلغان نورمال ئىنكاسلار ھەققىدە ھەرگىزمۇ باشقىچە ئويلاپ قالمايمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنداق ئىنكاسلارنى قارشى ئالىمەن. شۇڭا خاتىرجەم بولۇڭ. ئاخىرىدا مەن سىزنىڭ ئاكتىپچانلىقىڭىزغا رەھمەت ئەيتىمەن.

**(13)** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جىك بۇرادەر قانداق ئەھۋالىڭىز ؟سىزنىڭ سورىغان سۇئاللىرىڭىز تەقدىر مەسلىسىگە بېرىپ چېتىلىدىكەن .شاھ ئۇيغۇر بىلوگىدا تەقدىر توغىرلىق ئىشلەنگەن

ھۆججەتلىك فىلىم بار ئىدى ھازىر ئىزدەپ تاپالمىدىم.ئىنساننىڭ تەقدىرى ئىككى خىل بولىدۇ ،بىرى بىز ئۆزگەرتەلمەيدىغان تەقدىر ،يەنى ئىنساننىڭ قاچان قەيەردە تۇغۇلۇپ ،قەيەردە ئۆلىشى،جىنسىنىڭ ئەر ياكى ئايال بولىشى.ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم بولىشى،قايسى مىللەتتىن بولىشى ،باي كەمبەغەللىك ،ساغلام ياكى مېيىپلىقى قاتارلىقلار ئاللاھ تەرىپىدىن بىكىتىۋېتىلگەن تەقدىر بولۇپ بۇلارغا بىز جاۋاپكار ئەمەس،پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام :تەقدىرگە ئېيقىنلاشماڭلار ،'ئۇ ئاللاھنىڭ سىرلىرىدۇر ،دىگەن تەقدىر دەل يۇقارقى تەقدىرنى كۆرسىتىدۇ.ئەمدى ئىككىنچى خىلدىكى تەقدىر بولسا ئىنساننىڭ ھاياتى دۇنيادىكى ئىش پائالىيەتلىرى بولۇپ بۇ ئاللا ئىنسانلارغا ئەركىنلىك بەرگەن،يەنى سىزنىڭ قايسى يولدا مېڭىشىڭىز ؟قانداق ئىشلارنى قىلىشىڭىز؟دىگەندەك،بۇ جەھەتتە ئاللاھ سۇبھانە ۋە تەئالا بىزگە ئەركىنلىك بەرگىنى ئۆچۈن بىز ھاياتى دۇنيادا قىلغان ھەر بىر ياخشى يامان ئىشلىرىمىز ئۆچۈن قىيامەت كۈنى ھىساپ بىرىمىز.ئاللاھ سۇبھانە ۋە تەئالا بىزگە ياخشى يامان يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى،قايسى يولدا ماڭساق ساۋاپ بولىدىغىنىنى ،قايسى يولدا ماڭساق گۇناھ بولىدىغىنىنى،قۇرئان كەرىمدە ئېنىق كۆرسەتتى ھەم پەيغەمبەر سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنى ئەۋەتىپ بىزگە قانداق ياشاشنى ئۆگەتتى ،بىزگە ئەقىل ئاتا قىلدى،خوش ئەمدى يەنە قايسى ئىش ئۇچۇن ئالاھ تاالاھقا مەسئۇلىيەتنى ئارتىمىز؟ مىسال :سىزنى بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى دەپ تۇرايلى ،سىز قول ئاستىڭىزدىكى بىر خادىمغا ئىش تاپشۇرۇپ ،'ئۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەندىن كىيىن ئۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا مۇكاپاتلاپ ،چىقالمىسا مەسئۇلىيتىنى سۈرۈشتۈرسىزغۇ دەيمەن.مانا مۇشۇنداق ئىش ،

(14) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇرادەر ئۇنداق تەنە گەپلەرنى قىلماڭ.ئاللاھ تاالاھ بىزنى ئويلىنىشقا تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە بۇيرىدۇ،'ئىسلام ئەقىدىلىرىدە قارىغۇلارچە ئىتىقات قىلىش دىگەن گەپنى مەن ئاڭلاپ باقمىدىم.ئەلۋەتتە ھازىر جەمىيىتىمىزدە قارىغۇلارچە ئېتىقات مەۋجۇت ،بىراق بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىلا ئارتىپ قويماي ،زامان ماكان،شارائىتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ،زامانىمىزدا دىنىنى سېستىمىلىق ئۆگىنىش شارائىتى يوق ئەھۋالدا ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە تەربىيە ئېلىۋاتقان بولغاچقا مۇشۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت.

(15) بۇگەپنىڭ خېلى ئاساسى بار ،قارىغۇلارچە قىلغان ئىتىقاتتىن سۇئال قويۇپ مەسىلىنىڭ ماھىيتىنى بىلگەندىن كىيىن قىلغان ئىتىقاتنىڭ ئاساسى چىڭ بولىدۇ.ئەمما سۇئالنىڭمۇ چېكى بولىشى كېرەك ،يەنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان سىرلارنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇش ئادەمنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ،يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولىشى ،بىر ئادەمنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقى ،......دىگەندەك،بىز ئۆزگەرتەلمەيدىغان پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان ئىشلاردا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن توختاپ ئەقلىمىزنى بىز كۈچىمىز يېتىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتكىنىمىز ياخشى،بەزى سۇئاللارنى ئوتتۇرغا قويغان قېرىنداشلىرىمىزنى يەنە بەزى قېرىنداشلىرىمىز كەمسىتىدىغان ،ھاقارەتلەيدىغان ئەھۋاللار بەك كۆپ ،بۇ ئەھۋال تۈپتىن خاتا. سورالغان سۇئالغا قايىل قىلارلىق جاۋاپ بىرەلىسەك ،باشقىلارمۇ قايىل بولىدۇ،بولمىسا جىم ئولتۇرايلى.بىكاردىن بىكار ئىختىلاپ تېرىپ نىمە قىلىمىز؟دىنىمىز ھەق دىن ،بۇنىڭدا شۈبھى يوق،پەقەت باشقىلاردا شۈبھى تۇغدۇرۋاتقان بىزدەك چالا ساۋات كىشىلەر،

(16) خۇدا بىزنىڭ قانداق تۇغۇلۇپ قانداق ئۆلىشىمىزنى بەلگىلىۋەتكەن ، پەقەت ئارلىقتى ئىشلارنىلا بىز ئىختىيارى قىلالايمىز دىمەكچى ئىكەنسى .

ئەگەر بۇنداق پىكىر قىلساق يەنە بىرمۇنچە قىيىن مەسلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . مەسلەن ، مەن سىزنى خۇدا بىكىتكەن ئەجىلىڭىزدىن بۇرۇن يولغا سىلىپ قويىغان بولسامچۇ ؟ .

ئادەملەرنىڭ مۇشۇنچىلىك ئەركىن ئىرادىسى بار بولسا ، خۇدانىڭمۇ جەزمەن بار بۇلامدۇ ؟ ئەگەر بار بولسا ، يۇقىرىدىكى مىسال كەلتۈرۈلگەنگە ئوخشاش ئىشلار خۇدانىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە چەكسىز ، ھەممىگە قادىر خۇداغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىز چۈشىنىپ بولالمايدىغان نۇرغۇن قىيىن سۇئاللار مەۋجۇت .

ئەگەر خۇدانىڭ بىر ئالەم پىلانى بولسا ھەم بۇ پىلان ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ بىر قىسمى بولسا ، نىمە ئۈچۈن بىر يولىلا بەلگىلەنگەن ئالەمنى يارىتىپ ئۆز پىلانىنى مۇكەممەل ئىشقا ئاشۇرمايدۇ ، بۇنداق بولغاندا خۇدانىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدا كۆرەش قىلىشىنىڭ زۆرۈيىتى قالمايتى ئەمەسمۇ ؟ . ياكى ئۇ ئالەمنى يارىتىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسا بۇ تېخىمۇ ئاسان بولماتتى ؟ . ئەگەر ئالەم بەلگىلەنمىگەن بولسا ، ئۇنداقتا خۇدامۇ نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ ، ياكى مۆلچەرلىيەلمەيدۇ . بۇ ، خۇدانىڭ ئىقتىدارى چەكلىك دىگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ ،،،،

مەن بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى بولسام ، قول ئاستىمدىكىلەر خاتالىق ئۆتكۈزسە مەن ئۇنى توسمىسام ھەم ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرسام ، مەنمۇ بىركىشىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۇستىمگە ئېلىشىم كېرەك .

خۇدا دۇنيادىكى يامان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرامدۇ ياكى ئۇنىڭ قۇربى يەتمەمدۇ ؟ ،،،،

ماڭا جاۋاپ قايتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ قېرىندىشىم ، ھېلىمۇ شۇنچىلىك ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپسىز ،،،،،، ئامان بولۇڭ

(17) ئۇلۇغبەگ بۈيۈك ئاسترونوم ۋە ماتىماتىك .سەمەرقەنىد پادىشاھى (1447- يىلى تىمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى بولغان)، 1394- يىلى 3- ئاينىڭ 22- كۈنى سەمەرقەنت شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 1449- يىلى 10- ئاينىڭ 27- كۈنى 55 يېشىدا ئۆز ئوغلى ئابدۇللىتىپ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇلۇغبەگ مىرزا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئىمپېرىيە تەۋەسىدە ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان . 1420 - يىلى سەمەرقەنتتە ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان رەسەتخانا قۇرغان ، بۇ رەسەتخانا ئەيىنى دەۋىردىكى ئوخشاش ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ ئالدىنقى سەۋىيەگە ۋەكىللىك قىلاتتى ،بۇ رەسەتخانىغا ئەيىنى دەۋىردىكى ئەڭ چوڭ كۋادرانت سەپلەنگەن ئىدى ، كۆپ يىللىق ئاسترونومىيە تەتقىقاتى ئاساسىدا مىلادى 1447- يىل « رىسالەى ئۇلۇغبەگ » ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ ، ئەسەردە قۇياش سىستىمىسى ۋە باشقا 1018 تۇرغۇن يۇلتۇزنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن ، بۇ ئەسەرمۇ ئەيىنى دەۋىرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلمىي سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى . ئەپسۇس ئالاھىدە تارىخى شارائىت ئاستىدا ئىمپىراتور ئۇلۇغبەگ ئىمپېرىيە ئىچىدىكى سىياسى نىزالار ، ئوغلى ۋە شەيخلەر بىلەن بولغان ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆز پۇشتى ئابدۇلىتىپ تەرىپىدىن ھەجگە مېڭىش سەپىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن .

ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلۈمى يالغۇز بىر بۈيۈك ئاسترونومنىڭ ئۆلۈملا بولۇپ قالماستىن ، تۈركى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سەلتەنەتلىك دەۋرىنىڭ ئاياغلىششىقا قاراپ ماڭغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلدى . ئوخشاش بىر دەۋردە غەربتە «« مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى »» ۋە دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ، تاۋار ئىنقىلابى قاتارلىق دۇنياۋى ھادىسىلەر تەسىرىدە غەرب دۇنياسى ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈپ ھازىرقى دۇنياۋى تەرتىپنىڭ ئاساسى يارىتىلدى .

ئۇشبۇ فىلىمدە ( دىراما خاراكتېرىنى ئالغان) ئوردا ئىچىدىكى ئىختىلاپلار ، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئارقىلىق ئەينى دەۋرىنىڭ تارىخى ئەمەلىيىتى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن . ئورداشلارنىڭ فىلمنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىپ تارىخى پاكىتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىشنى ئۈمىد قىلغايمىز!

(18) تەقدىر توغرىلىق گەپ بوپتۇ، بىز بىرخىل تەقدىر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلمايمىز، بۇنى مۇتلەق تەقدىر ياكى ئىلاھىي تەقدىر دىسەك توغرا بولۇرمىكىن، مەسىلەن قايسى مىللەت پۈشتىدىن توغۇلۇش، قاچان قەيەردە توغۇلۇش، قاچان ئۆلۈش، قانداق شەكىلدە ئۆلۈش، ئاخىرەتتىكى تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى دىگەندەك مەسىلەرنى ھەرقانداق پەلسەپە ئىنسانغا يېشىپ بىرەلمەيدۇ، ئۇنى پەقەت بىر ئاللاھلا بىلىدۇ،شۇڭا بۇ خىلدىكى ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن سوغۇرۇلغان مەسىلەر توغرىسىدا قىلىنغان ھەرقانداق مۇلاھىزە كىشىنى خاتالىققا يىتىلەيدۇ. قانداق ياشاش، قايسى خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، ھاۋاي، لاسۇىگاس، چىكاگولاردا ئىلىم ياكى يۈقىرى كىرىملىك سودا بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىنسانيەت ھەم ئۆزى ئۈچۈن بەخت يارىتىشقا تىرىشىش بىلەن قەشقەر-خوتەننىڭ توپىلىق يوللىرىدا ئىشەك ھارۋىسى بىلەن كالا تېزىكىنى توشۇپ ياشاشلار بولسا تەدبىر تەرىپىدىن يارىتىلىدىغان تەقدىر بولسا كېرەك، بۇ خىلدىكى مەسىلەرنى بىز"ئۆتتۈپ كەتكىنى تەقدىر، كەلمەكچى بولغىنى تەدبىر " دىسەك ئالىملىرىمىز يول قۇيۇرمىكىن؟ ئادەم ئۆزىگە چەك قويۇپ ياشاشنى بىلىشى زۆرۈر.

(19) ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن يىتىشىپ چىققان تۇنجى تۈركۈمدىكى تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە دۇچ كىلىۋاتقان ئىجتىماي مەسىلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كىلىۋاتقان روھى ئويغاق، ۋىجدانلىق زىيالىيلارنىڭ بىرىدۇر. زىيالى ئوقۇمى ئۇيغۇرلاردا تېخى تەتقىق قىلىنمىغان ۋە مۇۋاپىق تەبىر بېرىلمىگەن بىر ئوقۇمدۇر. ھازىرغىچە بىز مەكتەپ يۈزى كۆرگەن، بىلىمدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ئادەمدىن تارتىپ تاكى ئاسپىرانت، دوكتۇرلارغىچە ھەممىسنى زىيالى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلاردا ئوقۇغانلار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن كۆپ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ زىيالى بولۇشى ناتايىن، مەيلى ئۇ ئاسپىرانتلىقتا، دوكتۇر ھەتتا دوكتۇر ئاشتىلىقتا ئوقۇسۇن ئەگەر ئۇ بىر زىيالىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەتلەرنى ھازىرلىمايدىكەن ئۇ پەقەتلا ئوقۇغان ئادەم بولاشى مۇمكىن ، زىيالى بولالىشى ناتايىن.

ئىدۋارد سەيىد نىڭ سۆزى بۇيىچە ئېيتقاندا:" زىيالى خەلقنىڭ زۇۋانى، ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە ئىزىلگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ قانچىلىك خېيىم-خەتەر، ۋە جاپا-مۇشەقەتكە ئۇچۇراشتىن قەتىي نەزەر ئۆزۈنىڭ ئېنىق مەيدانى ۋە كۆز قارىشىنى ئىپادىيەلەيدىغان بولۇش كېرەك." ئۇ ئۆزۈنىڭ

"زىيالى ھەققىدە" دېگەن كىتابىدا " زىيالى ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى قوغدىيالايدىغان بولۇش كېرەك"، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا يۇقۇرى بىلىم ئورۇنلىرىدا ئوقۇغانلارنىڭ سانى يىلدىن ـيىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ زىيالىلار سۈپىگە قوشۇلالىشى يەنىلا ئۇلارنىڭ سەممىيىتى ۋە ۋىجدانىغا باغلىق ئىش.

ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر جاماتى تەرپىدىن بىردەك ئېتراپ قىلىنغان زىيالىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىي پەن ساھاسىدە قولغا كەلتۈرگە نەتىجىلىرى، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرى ئېنىق ئىپادىلەنگەن ئىجتىماي ماقالىلىرى ۋە بىر قاتار ئىجابى پائالىيەتلىرى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

گەرچە ئەركىن سىدىق ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ئىجتىماي ماقالىلىرى ئارقىلىق نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان شىدەتلىك خىرس ۋە رىيالنى مەسىلىلەرنى تەلپۈنگۈچىلىرىگە ئېنىق كۆرسۈتۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما زىيارەت خاتىرسى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە يەنە بىر قېتىم ئەسلەتمە بېرىشنى لايىق كۆردۇم. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت. 2013-11-24

(20) سىزدىكى روھ بىزنى يەنە ئويلاندۇرۋاتىدۇ. ھىندىستان داھىسى گەندىمۇ ئۆز خەلقىنىڭ چىقىش يولى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىزدىنىپ،كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپتىكەن. سىزنىڭ نىشانىڭىز خەلقنى كۈچلەندۈرۈش. دېمەك مۇشۇنداق بىر-بىرىدىن ئىسىل ئەسەرلىرىڭىز بىلەن بىزگە كۈچ ئاتا قىلىۋاتىسىز. ھېلىقى بىر ئوقۇرمەن ياش دېگەندەك، مۇۋاپىقيەتشۇناسلىقنى ھەقىقەتەن سىزدىن باشلىساق ئەڭ توغرا بولىدىكەن، چۈنكى سىز بىز ئۆسكەن مۇھىتتا ،ناھايىتى جاپالىق شارائىتتا مۇۋاپىقيەت قازانغان، شۇنداقلا يول تاپقاندا خەلقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان ئۇلۇغ ئالىمىمىز ۋە مۇتەپپەككۇرىمىز.

(21) سىزنىڭ ماقالىرىڭىزدىكى يەھۇدىلار تېمىسىمۇ مەن ئوقۇغان نۇرغۇن يەھۇدىلار توغرىسىدىكى كىتاپتىنمۇ ياخشى چىقىپتىكەن. چۈنكى باشقىلار ئۇلارنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلى، شەكلى ۋە مۇۋاپىقيىتى ئۈستىدە توختالسا، سىز يەھۇدىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىلغارلىغىنىڭ ھەقىقى سىرىنى، ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى تولۇقى بىلەن تەپسىلى ،مۇپەسسەل يېزىپسىز.

(22) مەن بىر كىتاپ يېزىپ بولغۇچە ئەركىن ئاكىمىز ئون نەچچە كىتاپ چىقىرىپ بولدى. ماڭىمۇ بەك ئىلھام بولىۋاتىدۇ. بەزىدە ھېرىپ قالسام، ئەركىن ئاكىمىز توققۇز سائەت ئىشلەپ يەنە كىتاپ يازىدىغانىغا ۋاقىت چىقىرىدىكەن دەپمۇ ئۆزۈمگە مەدەت بېرىمەن. بۇ كۆڭلۈمدىكى سۆزلەر.

(23) ئەركىن ئاكىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم . كۆپچىلىك ئاڭلاپ باقساڭلار، خاتا بولسا تۈزىتىپ، توغرا بولسا رىغبەتلەندۈرسەڭلار: ھازىر ئارىمىزدا ئەركىن ئاكىمىزدەك كەسىپ ئەھلىلىرىمۇ ئەللىكتىن ئېشىپ قېلىپتۇ، 65 ياشتا پىنسىيەگە چىقىدۇ. ئەمما بىز ھەر بىرىمىز ئۇلارنى مەخسۇس ئۆز كەسپىدە بىر دەرس سۆزلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى قىلساق، يەنى بىز ئالىي مەكتەپ دەرىسىنى سېستىملىق سۆزلەپ بەرسە. بىز ھەر بىرىمىز ئايدا ئازراقتىن پۇل چىقىرىپ ئۇنى ئەركىن ئاكىمىزنىڭ مائاشى قىلساق، بۇلار ئەسلىدىكى ئورنىدىكى خىزمەتتىن 50 پىرسەنت ئازلىتىپ، 50 پىرسەنت ۋاقتىنى بىزگە سەرپ قىلسا.

مەن تۇغلۇق ئاكىمىزنىڭمۇ ۋىدىيوسىنى كۆردۈم. ئۇلاردىن چەكسىز پەخىرلەندىم. ئۇلار ھەر كەسپتە بىز ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ دەرسلىك تەييارلىسا، ئۇيغۇر تىلىدا، خارۋارتتەك ياخشى سۈپەتلىك بىر ئالىي مەكتە پ دەرسلىكى ۋىدىيوسى بىلەن ئوتتۇرغا چىقاتتى. ھازىرمۇ ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى. شۇ پارچە-پۇراق ۋاقتىمۇ بىزگە تەسىر قىلغۇدەك ئەسەر يېزىۋاتىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز ھەقىقەتەن ھەر كەسپتە تارىختىن بۇيان رىسالىلەر يېزىپ قالدۇرۇپتىكەن.

بالىسى بولسىلا ئون ياۋرۇ ئايدا چىقارسا،'ئالدىن ئىككى يىللىق پۇلنى تاپشۇرساق....بۇ تاتلىق خىياللىرىم پەقەت چەتئەلدىكىلەرگىلا قارىتىلغان. رەيھان گۈل، فاچەبووك، 2017-3-3

(24) مۇبارەك بولسۇن ھورمەتلىك ، پەخىرلىك ۋە ئىسىل ھىسلەتلىك ئۇستاز. مىللىتىمىز سىز بىلەن تابەتكە پەخىرلەنگۈسى. سىزدەك مىللىتىنىڭ غەمىنى كەچە-كۈندۈز قىلىدىغان ھەم قىلىۋاتقان قەرىنداشلار بىز ئۈچۈن ئەبەدىي ماددى ۋە مەنىۋى ئۈلگىمىزدۇر. سىزگە تەن سالامەتلىكنى ، ۋە ئۇزۇن ئومۇرنى رەببىمىزدىن ھەر-تىننىغىمىزدا تىلەيمىز. ئۇزۇن ، ئۇزۇن ئومۇر كورگەيسىز! ئامىن! ھايرىنسا ياسىن (فەيسبۇك).

(25) پەخىرلىك ئۇستامىز ئەركىن سىدىق ئاكا، سىز ۋە سىزداك مەھناتكاش ئۇستازلار بىلان زاماننداش ياشاۋاتكانلىگىمدىن ئاللاھ شۈكۈرلار بولسۇن . ئىزچىل يەڭى تەملارنى بىزگا سۇنۇپ، ئىددىيمىزنى ھازىركى زامان تەراككىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كالام تەۋرىتىۋاسىز. ۋاھتىڭىزگا تەھىمۇ كوپ بەركات كەلسۇن . ئاتىكە ئامات (فەيسبۇك)

(26) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىددىق تاغا، سالامەت تۇرىۋاتامسىز؟ مەن مۇھاممەدىمىن بولىمەن، 2007-يىللاردا سىز بىلەن تۇنجى قەتىم سىزگە ئەلخەت يەزىپ ئامرىكىدا جۇغراپىيە كەسپىدە ئوقۇش توغۇرلۇق مەسلىھەتلەرنى سورىغان ئىدىم . گەرچە بۇ ئەلخەتتىكى ئالاقىمىز ئۇزۇن داۋاملىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن توردىكى يازمىلىرىڭىزنى سۆيۈنۈپ ئوقۇپ ئىلھام ئالغان ئىدىم ۋە ھەلىھەم ئوقۇۋاتىمەن. «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق--بەدرى ئۇرۇشدىن ئويلىغانلىرىم» ۋە «مىكرو-باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى» تېمىسىدىكى ئىككى پارچە ماقالىڭىزنى 2015-يىلى يازدا مەن بىرلا ۋاقىتتا دېرىكتور ياردەمچىسى، ئارخىپ باشقۇرغۇچى، ئىشخانا مۇدىرى ۋە رېمونت ئامبىرى مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى زاۋۇتتىكى باشقۇرۇش قاتلىمىدىكى رەھبەرلەرگە بېسىپ چىقىرىپ تارقاتقان، ۋە ئىشچىلارغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم. بۇنىڭ تەسىرىدە زاۋۇت دېرىكتورى كارخانىلاردىكى مىكرو باشقۇرۇش تەمسىدىكى ماقالىڭىزدىن ئۆرنەك ۋە ئىلھام ئېلىپ، زاۋۇتنىڭ بىر تۈرلۈك باشقۇرۇش قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى يىڭىدىن بىكىتىپ، زاۋۇتنى قايتىدىن رەتكە سالغان، ۋە بۇ ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرگەن ئىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا يەنە ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن 1.30 سائەت ھەرقايسى سەخلاردىن خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان 30 نەپەر ئىشچىغا دەرس ئۆتەتتىم. ھەمدە ئارىلاپ "بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق--بەدرى ئۇرۇشدىن ئويلىغانلىرىم" دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇپ بىرەتتىم، ۋە مۇلاھىزە قىلاتتۇق. بۇنىڭمۇ تەسىرى بەك ياخشى بولغان ئىدى (ئازراق مەزمۇن قىسقارتىلدى). ئاخىرىدا ئالتۇن تىنىڭىزگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىڭىزغا بەخىم ۋە زور ئۇتۇقلانى

**تىلەيمەن. ئاللاھ غا ئامانەت!**

**(27) " بىلىمخۇمار" ئاكىمىزنىڭ يېقىنقى يازمىلىرىغا دىققەت - نەزەرىمنى ئاغدۇرۇپ تۇرىۋاتىمەن . ئۆزى كەمتەر ، بىلىمى مول ، كۆپ قىرلىق بۇ ئۇلۇغ ئالىمىمىزنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ، ئاممىباب ، قايىل قىلارلىق يازمىلىرى بىزنى سۆيۈندۈرمەكتە ، ئاچا يولدا تېڭىرقاۋاتقانلارغا ماياك بولماقتا ، سۇنۇق دىللارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلماقتا ، ئىلىمگە تەشنا يۈرەكلەرگە زەم -زەم بولماقتا . ئەڭ مۇھىمى ، بۇ يېتۈك ئالىمىمىز ئىلىم - پەن بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى بولماقتا ، ھەقىقىي زىيالىينىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ قايىل قىلارلىق يازمىلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ ، ئەتراپىمىزدىكى" زىيالىي" لىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ئۇنۇتقان مۇناپىق زىيالىيلارغا مەنىۋى ئۆلگە تىكلەپ بەرمەكتە ! باغداش تورىدىكى بارلىق قېرىنداشلار نامىدىن ئالىمغا ئۇزۇن ئۆمۈر ، ساغلام تەن ، غەيرەت - شجاەت تىلەيمەن ، ياراتقۇچى ئاللاھ نىڭ ئالىمغا تېخىمۇ زور ئەقىل - پاراسەت ، كۈچ -ماغدۇر ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن !**

**ئەي " بىلىمخۇمار " ئاكا ، سىز مەڭگۈ بىزنىڭ پەخرىمىز ھەم ئۆگىنىش ئۆلگىمىز !**

**(28) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ : ‹‹ يەنى مېنىڭدىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار ، چۈنكى ئىلىمنى تارقىتىش ئىبادەت ، ئۇنى يوشۇرۇش جىنايەتتۇر ›› . ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ، ئۈممەتنى نادانلىق ۋە گۇمراھلىقنىڭ پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خۇلافاەرراشىدىنلەردىن باشقا ، ئەھلى ئىلىم ( يەنى بىلىم ئەھلى ) لەرنىڭ ، بولۇپمۇ بىزنىڭ جانىجان مەنپەتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلەردە دادىللىق بىلەن مەيدانغا چىقىپ ، بىزلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سادىتىمىز ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقان ھەم بۇ يولدا باشقا ئىستىداتلىق كىشلەرنىڭ لىكسىيە ، نۇتۇقلىرىدىن ئۆنۈملۈك پايدىلىنىپ ھېس قىلغانلىرنى يەنى ھەق سۆزلەرنى بۆگۈنكى كۈنگە قەدەر بىزلەرگە يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ، بىزنى ئىتتىپاقلىششقا ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەۋاتقان ، يامان ( گۇناھ بولۇدىغان ) ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ، ئىسلام دىنىنىڭ پاك ، ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇستاز بىلىمخۇمار ئاكىغا كۆپ رەخمەت . ( پەرۋەردىگارىمىز ! بىزگە ئىككى دۇنيادا ئوخشاشلا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ، دۆزاق ئازابىدىن ساقلىغىن ، ھېساپ ئالىدىغان كۈندە ( يەنى قىيامەت كۈندە ) بىزنىڭ ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ ۋە بارلىق مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن . ئامىن ! )**

**باغداش، تۈرك-زات**

**(29) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ، روزا ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن . سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىزدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم . بولۇپمۇ ياسىرقازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن تېمىلىرىڭىز . بۇ خىلدىكى تېمىلىرىڭىزنىمۇ ئۈزۈپ قويماي ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشتۇرغايسىز . چۈنكى دىنى چۈشەنچە چوڭقۇرلاشماي ، دىنى ئەقىدە توغرىلانمىغان ھالەتتىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ، دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق نەرسە ئەھمىيەتسىزدۇر . سىزنىڭ ياسىرقازىنىڭ لېكسىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن تېمىلىرىڭىز بۇ بوشلۇقنى تودۇرۇشتا ئەھمىيىتى ۋە رولى بەكمۇ زور . ئۇلۇغ ئاللاەقا سېغىنىپ ، ئېزىز تېنىڭىزگە سالامەتلىك ، ئائىلىڭىزگە بەخت ، خىزمەتلىرىڭىزگە ئۇتۇقلار تىلەيمەن ، ئامىن . ئاللەقا**

ئامانەت . ئوبزورچى.

(30) رەھمەت سىزگەبىلمىخۇمار قېرىندىشىم،ياخشى تىما يوللاپسىز.سىز ئۇيغۇرغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شەخس بولىشىڭىز بىلەن يەنە تور دۇنياسىدا بىز قەۋمنى يېتەكلەش تەرەپدارىدا بولىۋاتىسىز.بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەشھۇرلارنىڭ تورغا كىرىشكە ۋاقتى يوق، بولسىمۇ نىمىشقىكىن كەمدىن -كەم ئۇچرىتىمىز. سىزگە پاك ئاللاھتىن سىزگە ئىككى دۇنيالىق ئامانلىق سادەتمەنلىك تىلەيمەن. لۇشۇننىڭ نىمىشقا ئۇچ قېتىم كەسىپ ئالماشتۇرغانلىقىنى بەلكىم تورداشلار بىلىدۇ.بىزدىكى مەسىلە روھىيەتتىكى مەسىلە بولغاچقا بىز مەنىۋى يېتەكچىلەرگە نەقەدەر مۇھتاج! بولسا ياخشى تىمىلارنى يوللاپ تۇرۇڭ.بىز بەك چاڭقاپ كەتتۇق. بەزى تىمىلارنى بىزلەر راست گەپ يوللاشقا پېتىنالمايمىز ھازىر.بۇلۇپمۇ بۇ كەملەردە.........خاس ئىسلامى تىما يوللايدىغان قېرىنداشلىرىمىزمۇ ھازىر يوللىمايدىغان بولدى. چۈنكى ئىشلار مۇرەككەپ. دىيىلمگەن گەپتىن ئىيتمىغان مەنالارنى چۈشەندىڭىز-ھە قېرىندىشىم.سىزگە ئاللاھ يار بولسۇن.مۇنبەردىن يۇقاپ كەتمەڭ.

(31) سىزنىڭ قەدىمىڭىز ئامېرىكىغا يېتىپ، ئەلەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقان بىر پەيتتە ئاللاھ سىزنى ئەھلى ئالىملار بىلەن دوس قىلىشا ئىرادە قىلىغان چىغى ۋاقتىڭىز چىقسىلا تەربىيە ئەھمىيتى يۇقۇرى بولغان يازمىلار بىلەن چاڭقىغان تەشنالىقمىزنى قاندۇرۇۋاتىسىز . ئادەم مۇشۇ ئاي-كۈنلەردە ھەممە نەرسىدىن گۇمان قىلىپ قالدىغان بوپ قالغاچقىمۇ . ئۇ مۇنبەردە تېمىڭىزنىڭ چەكلىنىشى كۆڭلۈمنى خاۋاتىرلەندۇرۇپ قويدى . ئۇلۇغ يوللارغا ئالغان قەدىمىڭىز بىر قىسىملارنىڭ كۆڭلىنى بارام قىلدىمۇ شۇنداقراق ئويلاپ قالدىم شەخسەن . دىمەكچى بولغىنىم ئەل سۆيەر ئىككى يۇلتۇزىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق . ئەمدىلىكتە يەنە بىر يۇلتۇزىمىزدىن ئايرىلىش تىخمۇ ئەلەم قىلىدۇ . قەلەملىرىڭىزنىڭ ساغلام تەۋرىنىشنى ئارزۇ قىلمىز ھەممىز . ئاخىردا ئاللاھنىڭ سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ۋە مەغپىرتىنى ئامان ئىسەن قىلىشنى تىلەيمىز . ئۇزۇم-تال.

## ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965-1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971-1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976-1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978-1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983-1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984-1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985-1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988-1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990-1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995-1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- 1997-2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004-ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ